# مەرىپەت

معرفة
3
2020

دىنىي، ئىلمىي، ئەدەبىي، ئىجتىمائىي پەسىللىك ژۇرنال

2020 - يىل 3 - سان، ئومۇمىي 32 -سان

الحق يعلو ولا يعلى عليه

- ئىخلاسمەن ئۆلىمالار ۋە ئۇلارنىڭ سۈپەتلىرى
- تەنقىد ۋە تەنقىدلەش ئۇسۇلى
- ئەيىب كىمدە!
- باغدادتا چاقنىغان مەرىپەت يۇلتۇزى ـ ئەللامە ئوسمان كاشغەرىي



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرلىكى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# مۇكاپاتلىق ئەسەرلەر سەھىپىسى

## كەڭ ئوقۇرمەنلىرىمىز ۋە ئاپتورلىرىمىز سەمىگە...

ژۇرنىلىرىمىز قايتا نەشر قىلىنىپ ئالتىنچى يىلىغا قەدەم قويىدى. بۇ جەرياندا بىز مۆھتەرەم ئاپتورلىرىمىزنىڭ ۋە ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ قىزغىن قوللاپ – قۇۋۋەتلىشى، شۇنداقلا ئىزچىل رىغبەتلەندۈرۈپ تۇرۇشى نەتىجىسىدە بۇ ئازغىنە ئەمگىكىمىزنى داۋام قىلىپ بۈگۈنگە ئۇلاشتۇق.

شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ژورنال تەھرىر ھەيئىتىدىكىلەرنىڭ ئۆزئارا مەسلىھەت قىلىشىشى ۋە ئەتراپىمىزدىكى سەمىمىي ئىلىم ھېرىسمەنلىرىنىڭ ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇشى ئارقىسىدا، ھەر ساندا بىر نەپەر مۇنەۋۋەر ئاپتورنى باھالاپ چىقىش ۋە ئۇلارغا ئاز بولسىمۇ كۆڭلىمىزنى ئىپادىلەشنى لايىق تاپتۇق.

ھەر ساندا ئىلگىرىكى ساندا مۇكاپات نامزاتى سالاھىيىتىگە مۇشەررەپ بولغان بىر نەپەر ئاپتورنىڭ نام شەرىپى ۋە ئېرىشكەن مۇكاپات سوممىسى ئېلان قىلىنىدۇ.

باھالاشقا قاتناشتۇرۇلىدىغان ئەسەرلەر:

1. تەتقىقات خاراكتېرىدىكى ئەسەرلەر.
2. ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ دىنىي ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلىرىگە ئالاقىدار مۇھاكىمە خاراكتېرىدىكى ئەسەرلەر.
3. تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئەسەرلەر.
4. مائارىپ توغرىسىدا يېزىلغان ئەسەرلەر...

شۇ مۇناسىۋەت بىلەن كەڭ ئاپتور قېرىنداشلىرىمىزنىڭ بىزنى يۇقىرىقى ساھەلەر بويىچە ئەسەر بىلەن تەمىنلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئاخىرىدا بارلىق ئوقۇرمەن قېرىنداشلارنىڭ ئادىللىقنى تۈتقا قىلغان ئاساستا، ئەسەرلەرگە ئۆزىنىڭ باھا ۋە پىكىرلىرىنى يېزىپ، ژۇرنىلىرىمىزنىڭ مەخسۇس ئېلخەت ئادرېسىغا يوللىشىنى، بىزنى پائال قوللاپ-قۇۋۋەتلەپ بېرىشىنى سورايمىز.

كامالى ئېھتىرام بىلەن: «مەرىپەت ژۇرنىلى» تەھرىراتى

500
ريال

ئالدىنقى ساندا ئاپتورىمىز
ئابدۇللا روزىمۇھەممەدنىڭ «خاتىرەمدىكى
ئۆتتۈلماس سىپىمالار» ناملىق ئەسىرى
مۇكاپاتقا لايىق كۆرۈلدى

**مۇبارەك بولسۇن!**

# مۇندەرىجە


- ئاللاھ تائالانىڭ ئىسرائىل ئەۋلادىغا ئاتا قىلغان نېمەتلىرى.............مۇھەممەد يۈسۈپ 5
- ئىخلاسمەن ئۆلىمالار ۋە ئۇلارنىڭ سۈپەتلىرى...... .....................ئوبۇلقاسىم ئەھمەدى 10
- ئۆلىمالىرىمىزنى قەدىرلەيلى..................... .....................مۇھەممەدئىمىن بىشارەت 18
- ۋاپادارلىق....................ئابدۇلئەھەد ھاپىز 28
- ئىسلامنىڭ ئۆسەك سۆزلەر ھەققىدىكى پوزىتسىيەسى ...............ئابدۇراھمان جامال كاشىغەرى 38
- ئەيىب كىمدە؟!............... تاھىرجان ئابباس 45
- لوقمان سۈرىسىدىكى باللار بىلەن سۆھبەتلىشىش ئەخلاقى............فاتىھ بۇغرا تەرجىمىسى 51
- تەنقىد ۋە تەنقىدلەش ئۇسۇلى..مۇھەممەد يۈسۈپ 61
- ئېتىقاد ھەققىدە تەپەككۇر....ئابدۇرېشىت ئەمىن 68
- باغدادتا چاقنىغان مەرىپەت يۇلتۇزى ـ ئەللامە ئوسمان كاشىغەرى.......ئابدۇللا روزىمۇھەممەت 73
- ئۈچ پاي ئوق (ھېكايە) .................. .....................ھەبىبۇللا ئابلىمىت 76
- دۇئايى مۇخەممەس........مۇھەممەدئىمىن تارىم 82
- غەزەللەر...........ئالىمجان مەتقاسىم (ناقىس) 87



معرفة

دىنىي، ئىلمىي، ئەدەبىي، ئىجتىمائىي

پەسىللىك ژۇرنال

2020

3-سان (ئومۇمىي 32-سان)

ژۇرنال مەسئۇلى:

سىراجىدىن ئەزىزى

مەسئۇل مۇھەررىرى:

مۇھەممەد يۈسۈپ

تەھرىر ھەيئەتلەر:

ئابدۇرېھىم دۆلەت

ئابدۇلئەھەد ھاپىز

ئابدۇلئەھەد ئۇجات

ئابدۇلئەھەد ئۇچقۇن

مۆمىنجان سىدىق

ئوبۇلقاسىم ئەھمەدى

ياسىن ئابدۇلھېكىم

(ئىسىملار ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى)

مۇشتەرىي بولۇڭ

ئەسەر ئەۋەتىڭ

پىكىر ـ تەكلىپ بېرىڭ

www.meripetjournal@gmail.com

www.merifet.net

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى
www.uyghurkitap.com

# كەڭ ئوقۇرمەن ۋە ئاپتورلار سەمىگە...

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ھۆرمەتلىك قېرىنداشلار!

ژۇرنىلىمىز قايتا نەشر قىلىنىپ 6-يىلىغا قەدەم قويدى. بۇ جەرياندا ژۇرنال مەسئۇلى ۋە تەھرىر ھەيئىتىدىكىلەرنىڭ، شۇنداقلا بىزنى قوللاپ كېلىۋاتقان قەدىرلىك ئاپتورلارنىڭ ئىزچىل تىرىشچانلىقى ۋە ئىخلاسى بىلەن ھەر سان ژۇرنالنى قولىمىزدىن كېلىشىچە ئەڭ ياخشى چىقىرىشقا ۋە بەلگىلەنگەن قەرەلدە ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈشكە كۈچەپ كەلدۇق.

خۇددى بىز تۇنجى ساندا ئەسكەرتكىنىمىزدەك، ژۇرنىلىمىز مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىزنىڭ دىنىي چۈشەنچىسىنى ئاشۇرۇش، مەنىۋى دۇنياسىنى بېيىتىش، ئۆزئارا چۈشىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، شۇنداقلا ئانا تىلىمىزنى قوغداشنى ئاساسىي نىشان قىلغان.

بۇ يىل يەنى 2020-يىلىدىن باشلاپ «ئۆلىمالار ژۇرنىلى» نامىدا يېڭىدىن بىر ژۇرنال تەسىس قىلىنغان بولۇپ، مەزكۇر ژۇرنال خاراكتېر جەھەتتىن پۈتۈنلەي دىنىي ۋە ئىلمىي ژۇرنال قىلىپ بېكىتىلدى. شۇڭلاشقا بىز «مەرىپەت ژۇرنىلى»نى ئىلگىرىكىگە قارىغاندا بىر قەدەر ئېچىۋېتىلگەن، ئۇنىۋېرسال بىر نەشر ئەپكارى قىلىپ، يېڭىچە تۈس ۋە قىياپەتتە ئوقۇرمەنلىرىمىز بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈشنى قارار قىلدۇق.

ئېچىۋېتىش دېگىنىمىز ژۇرنىلىمىزنىڭ ئەسلىدىكى نىشان ۋە پرىنسىپلىرىدىن چەتنەش دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى تېخىمۇ كۆپ خىللىشىش، ھەر خىل ژانىرلارغا ئىشىك ئېچىش، ئەدەبىي، بەدىئىي، ئىلمىي، ئىجتىمائىي ساھەلەردە قەلەم تەۋرىتىدىغان قېرىنداشلارغا سەھنە ھازىرلاش دېگەنلىكتۇر.

مۇھاجىرەتتىكى قېرىنداشلىرىمىز ئىچىدە قەلەم قۇۋۋىتى ياخشى، پىكرى ئىلغار، ئىپادىلەش ئىقتىدارى يۇقىرى، تۈرلۈك ژانىرلاردا ئەسەر يازالايدىغانلار ئاز ئەمەس. بىز سىلەرگە سەھنە ھازىرلىدۇق، بىز ھەر قاچان سىلەرنىڭ خىزمىتىڭلاردا...

قېنى قېرىنداشلىرىم، ئانا تىلىمىزغا بولغان سۆيگۈڭىزنى ئەمەلىي ئىقتىدارىڭىز ئارقىلىق ئىپادىلەڭ. سىزنىڭ قەلىمىڭىزدىن تەپچىگەن ئانا تىل مۇھەببىتى ژۇرنىلىمىز قۇرلىرىدا ئەكس ئەتسۇن، ئەسەرلىرىڭىزدە دولقۇنلىغان گۈزەل سەترلەر ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ ھارغىن روھىغا كۈچ-قۇۋۋەت، تەشنا قەلبىگە ئابىھايات بولسۇن...

ھۆرمەت بىلەن:

—— «مەرىپەت ژۇرنىلى» تەھرىراتى



# ئاللاھ تائالانىڭ ئىسرائىل ئەۋلادىغا ئاتا قىلغان نېمەتلىرى[1]

مۇھەممەد يۈسۈپ

﴿وَإِذْ نَجَّيْنَاكُمْ مِنْ آلِ فِرْعَوْنَ يَسُومُونَكُمْ سُوءَ الْعَذَابِ يُذَبِّحُونَ أَبْنَاءَكُمْ وَيَسْتَحْيُونَ نِسَاءَكُمْ وَفِي ذَلِكُمْ بَلَاءٌ
مِنْ رَبِّكُمْ عَظِيمٌ (49) وَإِذْ فَرَقْنَا بِكُمُ الْبَحْرَ فَأَنْجَيْنَاكُمْ وَأَغْرَقْنَا آلَ فِرْعَوْنَ وَأَنْتُمْ تَنْظُرُونَ (50) وَإِذْ وَاعَدْنَا مُوسَى
أَرْبَعِينَ لَيْلَةً ثُمَّ اتَّخَذْتُمُ الْعِجْلَ مِنْ بَعْدِهِ وَأَنْتُمْ ظَالِمُونَ (51) ثُمَّ عَفَوْنَا عَنْكُمْ مِنْ بَعْدِ ذَلِكَ لَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ
(52) وَإِذْ آتَيْنَا مُوسَى الْكِتَابَ وَالْفُرْقَانَ لَعَلَّكُمْ تَهْتَدُونَ (53) وَإِذْ قَالَ مُوسَى لِقَوْمِهِ يَا قَوْمِ إِنَّكُمْ ظَلَمْتُمْ
أَنْفُسَكُمْ بِاتِّخَاذِكُمُ الْعِجْلَ فَتُوبُوا إِلَى بَارِئِكُمْ فَاقْتُلُوا أَنْفُسَكُمْ ذَلِكُمْ خَيْرٌ لَكُمْ عِنْدَ بَارِئِكُمْ فَتَابَ عَلَيْكُمْ إِنَّهُ هُوَ
التَّوَّابُ الرَّحِيمُ (54) وَإِذْ قُلْتُمْ يَا مُوسَى لَنْ نُؤْمِنَ لَكَ حَتَّى نَرَى اللَّهَ جَهْرَةً فَأَخَذَتْكُمُ الصَّاعِقَةُ وَأَنْتُمْ تَنْظُرُونَ
(55) ثُمَّ بَعَثْنَاكُمْ مِنْ بَعْدِ مَوْتِكُمْ لَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ (56) وَظَلَّلْنَا عَلَيْكُمُ الْغَمَامَ وَأَنْزَلْنَا عَلَيْكُمُ الْمَنَّ وَالسَّلْوَى
كُلُوا مِنْ طَيِّبَاتِ مَا رَزَقْنَاكُمْ وَمَا ظَلَمُونَا وَلَكِنْ كَانُوا أَنْفُسَهُمْ يَظْلِمُونَ (57) وَإِذْ قُلْنَا ادْخُلُوا هَذِهِ الْقَرْيَةَ
فَكُلُوا مِنْهَا حَيْثُ شِئْتُمْ رَغَدًا وَادْخُلُوا الْبَابَ سُجَّدًا وَقُولُوا حِطَّةٌ نَغْفِرْ لَكُمْ خَطَايَاكُمْ وَسَنَزِيدُ الْمُحْسِنِينَ (58)
فَبَدَّلَ الَّذِينَ ظَلَمُوا قَوْلًا غَيْرَ الَّذِي قِيلَ لَهُمْ فَأَنْزَلْنَا عَلَى الَّذِينَ ظَلَمُوا رِجْزًا مِنَ السَّمَاءِ بِمَا كَانُوا يَفْسُقُونَ
(59) وَإِذِ اسْتَسْقَى مُوسَى لِقَوْمِهِ فَقُلْنَا اضْرِبْ بِعَصَاكَ الْحَجَرَ فَانْفَجَرَتْ مِنْهُ اثْنَتَا عَشْرَةَ عَيْنًا قَدْ عَلِمَ كُلُّ أُنَاسٍ
مَشْرَبَهُمْ كُلُوا وَاشْرَبُوا مِنْ رِزْقِ اللَّهِ وَلَا تَعْثَوْا فِي الْأَرْضِ مُفْسِدِينَ﴾ (60)

49 - ئۆز ۋاقتىدا بىز سىلەرنى پىرئەۋن گورۇھىدىن قۇتقۇزغان ئىدۇق. ئۇلار سىلەرگە ئازابنىڭ ئەڭ قاتتىقىنى تېتىتاتتى، ئوغۇللىرىڭلارنى بوغۇزلاپ، قىزلىرىڭلارنى (ئىشقا سېلىش ئۈچۈن) ھايات قالدۇراتتى. (بېشىڭلارغا كەلگەن) ئاشۇ ئىشتا رەببىڭلارنىڭ چوڭ سىنىقى بار ئىدى.

50 - ئۆز ۋاقتىدا بىز دېڭىزنى سىلەر ئۈچۈن يېرىپ (يول ئېچىپ) سىلەرنى قۇتقۇزغان ۋە پىرئەۋن گورۇھىنى كۆز ئالدىڭلاردا غەرق قىلغان ئىدۇق.

51 - ئۆز ۋاقتىدا بىز مۇساغا قىرىق كېچە (كۈتكەندىن كېيىن تەۋراتنى بېرىشنى)

[1] نەشر قىلىنىش ئالدىدىكى «تەپسىر جەۋھەرلىرىدىن» دىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ۋەدە قىلغان ئىدۇق. ئۇ سىلەردىن ئايرىلغاندىن كېيىن، سىلەر ئۆزۈڭلارغا زۇلۇم قىلىپ موزايىنى مەبۇد قىلىۋالغان ئىدىڭلار.

52 - شۇنىڭدىن كېيىن، (ئەقلىنى ئىشلىتىپ) شۈكۈر قىلسۇن دەپ، بىز سىلەرنى ئەپۇ قىلغان ئىدۇق.

53 - ئۆز ۋاقتىدا بىز سىلەرنى ھىدايەت تاپسۇن دەپ، مۇساغا ھەقنى باتىلدىن ئايرىغۇچى كىتاب (تەۋرات)نى بەرگەن ئىدۇق.

54 - ئۆز ۋاقتىدا مۇسا ئۆز قەۋمىگە: «ئى قەۋمىم! سىلەر موزايىنى مەبۇد قىلىپ، ھەقىقەتەن ئۆزۈڭلارغا زۇلۇم قىلدىڭلار، ياراتقۇچىڭلارغا تەۋبە قىلىڭلار، موزايغا چوقۇنمىغانلىرىڭلار چوقۇنغانلارنى ئۆلتۈرۈڭلار. مۇنداق قىلىش ياراتقۇچىڭلارنىڭ دەرگاھىدا سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر» دېگەن ئىدى. (سىلەر بۇنى ئورۇندىدىڭلار) شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تەۋبەڭلارنى قوبۇل قىلدى. چۈنكى، ئاللاھ تەۋبىنى ھەقىقەتەن بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.

55 - ئۆز ۋاقتىدا سىلەر: «ئى مۇسا! بىز ئاللاھنى ئوپئوچۇق كۆرمىگۈچە ساڭا ھەرگىز ئىشەنمەيمىز» دېدىڭلار - دە، سىلەر قاراپ تۇرغاندا سىلەرنى چاقماق سوقتى.

56 - ئاندىن كېيىن، سىلەرنى شۈكۈر قىلسۇن دەپ، ئۆلگىنىڭلاردىن كېيىن تىرىلدۈردۇق.

57 - بىز سىلەرگە بۇلۇتنى سايىۋەن قىلىپ بەردۇق، سىلەرگە تەرەنجۇبىل بىلەن بۆدۈنىنى چۈشۈرۈپ بېرىپ: «بىز سىلەرگە رىزىق قىلىپ بەرگەن پاك، شېرىن نەرسىلەردىن يەڭلار» (دېدۇق). ئەمما ئۇلار (نېمەتلىرىمىزگە تۇزكورلۇق قىلىپ) بىزگە ئەمەس، لېكىن ئۆزىگە زۇلۇم قىلدى.

58 - ئۆز ۋاقتىدا (ئەجدادلىرىڭلارغا): «بۇ شەھەرگە (بەيتۇلمۇقەددەسكە) كىرىڭلار، ئۇ يەردە خالىغىنىڭلارچە كەڭتاشا يەڭلار، (بەيتۇلمۇقەددەس) دەرۋازىسىدىن (ھۆرمەت بىلدۈرۈپ) ئېگىلگەن ھالدا كىرىڭلار، ‹(ئى رەببىمىز!) بىزنى كەچۈرگىن› دەڭلار، (شۇنداق قىلساڭلار)، گۇناھىڭلارنى مەغپىرەت قىلىمىز، (ئىشنى) مۇكەممەل[1] قىلغۇچىلارغا (مۇكاپاتنى) ئاشۇرۇپ بېرىمىز» دېگەن ئىدۇق.

59 - (ئۆزىگە) زۇلۇم قىلغۇچىلار ئۆزلىرىگە سۆزلەنگەن سۆزنى باشقا سۆزگە ئۆزگەرتىۋەتتى. (ئۆزىگە) زۇلۇم قىلغۇچىلار يولدىن چىققانلىقى سەۋەبلىك ئۇلارغا ئاسماندىن ئازاب چۈشۈردۇق.

60 - ئۆز ۋاقتىدا مۇسا ئۆز قەۋمى ئۈچۈن سۇ تەلەپ قىلغان ئىدى، بىز ئۇنىڭغا: «ھاساڭ بىلەن تاشنى ئۇرغىن» دېدۇق. تاشتىن ئون ئىككى بۇلاق ئېتىلىپ چىقتى، ھەركىم ئۆزىنىڭ سۇ ئىچىدىغان ئورنىنى بىلدى، (ئۇلارغا) «ئاللاھ بەرگەن رىزىقتىن يەڭلار ۋە ئىچىڭلار، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلماڭلار» (دېدۇق).

[1] ئايەتتىكى ﴿الْمُحْسِنِينَ﴾ دېگەن سۆز ﴿الإِحْسَانِ﴾ (ئېھسان) دېگەن سۆز يىلتىزىدىن كەلگەن بولۇپ، ئېھسان - ھەربىر ئىشنى قېتىرقىنىپ، ۋايىغا يەتكۈزۈپ، مۇكەممەل قىلىش دېگەننى ئىپادىلەيدۇ. دىنىنىڭ ئىمان ۋە ئىسلامدىن قالسا ئەڭ مۇھىم مەرتىۋىسىدۇر.

بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئاللاھ تائالا ئالدىنقى ئايەتلەردە، ئۆزىنىڭ يەھۇدىيلارغا ئاتا قىلغان نېمەتلىرىنى قىسقىچە بايان قىلغان بولۇپ، بۇ ئايەتلەردە بۇ نېمەتلەرنى تەپسىلىي بايان قىلغان. بۇ نېمەتلەر ئون چوڭ نېمەتتۇر.

تەپسىرى:

«قۇرئان كەرىم» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا زاماندىش بولغان يەھۇدىيلارنى ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىغا ئاتا قىلغان نېمەتلىرىنى ياد ئېتىشكە چاقىرىدۇ ۋە تۆۋەندىكىلەرنى بايان قىلىدۇ:

1. ئى يەھۇدىيلار گورۇھى! ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ ئەجدادلىرىڭلارنى زالىم پىرئەۋننىڭ زۇلۇمىدىن قۇتقۇزدى. ئۇز ۋاقىتتا پىرئەۋن چۈشىدە، قۇددۇس شەھرىدىن بىر ئوت چىقىپ مىسىرنى قورشىۋالغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇ ئۆزىچە قورقۇپ كېتىپ بارلىق چۈش تەبىرچىلىرىنى ھوزۇرىغا چاقىرتىدۇ ۋە كۆرگەن چۈشى ھەققىدە ئۇلاردىن تەبىر سورايدۇ. تەبىرچىلەر ئۇنىڭغا، ئىسرائىل ئەۋلادى ئىچىدىن بىر ئوغۇل تۇغۇلىدىغانلىقى، بۇ ئوغۇلنىڭ ئۇنىڭ تەختىنى ئۆرۈپ تاشلايدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ پىرئەۋن گورۇھى ئىسرائىل ئەۋلادىدىن تۇغۇلغان ئوغۇل بالىلارنى ئۆلتۈرۈشكە باشلايدۇ. شۇ ۋاقىتتا ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىڭلارنى پىرئەۋن زۇلۇمىدىن قۇتقۇزۇپ، مىسىردىن سالامەت چىقىپ كېتىشىڭلارغا دېڭىزدىن يول ئېچىپ بەردى.

2. شۇ ۋاقىتتا پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قوشۇنلىرى ئەجدادلىرىڭلارنى قوغلاپ كەلگەندە ئۇلارنىڭ ئالدىدا دېڭىز، كەينىدە زالىم قوشۇن، ئەجدادلىرىڭلار نېمە قىلىشىنى بىلمەي ئامالسىز قالغاندا، ئۇلارغا ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمى كېلىپ، ئۇنىڭ قۇدرىتى بىلەن دېڭىز يېرىلىپ ئوتتۇرىسىدىن بىر قۇرۇقلۇق يول ئېچىلغاندىن كېيىن، ئەجدادلىرىڭلار قىرغاققا سالامەت ئۆتۈپ كېتىدۇ. پىرئەۋن بىلەن ئۇنىڭ قوشۇنى ئەجدادلىرىڭلارنىڭ كۆزى ئالدىدا سۇغا غەرق بولۇپ تۈگىشىدۇ.

3. ئى يەھۇدىيلار! ئۇز ۋاقىتتا ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىڭلار مۇسا ئەلەيھىسسالامغا «تەۋرات» نى بېرىشكە ۋەدە قىلىپ، ئۇنى مىسىرنىڭ تۇر تېغىغا بېرىپ قىرىق كۈن ئېتىكاپ قىلىشقا بۇيرۇغىنىدا، ئۇ قېرىندىشى ھارۇن ئەلەيھىسسالامنى ئەجدادلىرىڭلارغا مەسئۇل قىلىپ قويۇپ كېتىدۇ. مۇسا «تەۋرات» نى ئېلىپ قايتىپ كەلگىچە ئەجدادلىرىڭلار بىر موزاينى ئىلاھ قىلىپ چوقۇنىدۇ، ھارۇن ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىگە كىرمەيدۇ. بۇ ئىش ئاللاھ تائالانى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى مۇسا ئەلەيھىسسالامنى قاتتىق غەزەپلەندۈرىدۇ. لېكىن ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ كەڭ پەزلى - مەرھەمىتى بىلەن ئەجدادلىرىڭلارنىڭ بۇ ئېغىر جىنايىتىنى ئەپۇ قىلىپ كەچۈرىۋېتىدۇ.

4. ئى يەھۇدىيلار! ئەجدادلىرىڭلارنىڭ ۋە سىلەرنىڭ توغرا يولدا يۈرۈشۈڭلار، ھالال بىلەن ھارامنى پەرق ئېتىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارغا ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىغۇچى «تەۋرات» نى دىنىي دەستۇر قىلىپ بەرگەنلىك نېمىتىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇنتۇماڭلار.

ئايەتتىكى «فۇرقان» دېگەن سۆز «ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىغۇچى» دېگەن مەنىدە بولۇپ، «تەۋرات» نىڭ سۈپىتى بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مۆجىزىلەرنى، دىنىي ئەھكاملارنى ۋە توغرا ئىلىملەرنىمۇ ئىپادىلەيدۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىلىرى سېھىرگەرلەرنىڭ سېھىرلىرىنى بەربات قىلىش ئارقىلىق ھەقىقەتنى باتىلدىن ئايرىپ بەرگەن.

5. ئى يەھۇدىيلار! ئەجدادىڭلار موزايىنى ئىلاھ قىلىپ چوقۇنغاندا، پەيغەمبىرىڭلار مۇسا سىلەرگە ﴿فَاقْتُلُوا أَنْفُسَكُمْ﴾ «موزايغا چوقۇنمىغانلىرىڭلار چوقۇنغانلارنى ئۆلتۈرۈڭلار» دېگەندە، سىلەر ئۇنىڭ ئەمرىنى بەجا كەلتۈردۇڭلار، شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ تەۋبەڭلارنى قوبۇل قىلدى، گۇناھىڭلارنى مەغپىرەت قىلدى. سىلەر ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ئىلتىپاتىنى ئۇنتۇماڭلار.

6. ئى يەھۇدىيلار! سىلەرنىڭ ئەجدادلىرىڭلار پەيغەمبىرىڭلار مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئەدەپسىزلىك قىلىپ، ﴿لَنْ نُؤْمِنَ لَكَ حَتَّى نَرَى اللَّهَ جَهْرَةً﴾ يەنى «بىز ئاللاھنى ئوپئوچۇق كۆرمىگۈچە ساڭا ھەرگىز ئىشەنمەيمىز» دېگەن بولسىمۇ، ئاللاھ تائالانىڭ ۋە پەيغەمبىرىڭلارنىڭ ئۇلارنى ئەپۇ قىلغانلىقىنى ئەسكە ئېلىڭلار.

7. ئى يەھۇدىيلار! ئەجدادلىرىڭلار مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە مىسىر بىلەن شام ئوتتۇرىسىدىكى كەنئان چۆلىدە يولدىن ئېزىپ چۆلدە سەرسانلىقتا قىرىق يىل تۇرۇپ قالغاندا، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارنى يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىش، ئاسماندىن بۆدۆنە بىلەن تەرەنجۇبىل چۈشۈرۈپ بېرىش ۋە نازۇ - نېمەتلەرنى ئاتا قىلىش بىلەن ھاياتىنى قالدۇرغانلىقىنى ئەسكە ئېلىڭلار.

8. ئى يەھۇدىيلار! ئەجدادلىرىڭلارنى مۇسا ئەلەيھىسسالام زالىم قەۋمگە قارشى ئۇرۇشقا دەۋەت قىلغان چاغدا، ئەجدادىڭلار ئۇنىڭغا: ﴿فَاذْهَبْ أَنْتَ وَرَبُّكَ فَقَاتِلَا إِنَّا هَاهُنَا قَاعِدُونَ﴾ يەنى «سەن رەببىڭ بىلەن بىللە بېرىپ ئىككىڭلار ئۇرۇشۇڭلار، بىز بۇ يەردە ئولتۇرۇپ تۇرايلى»[1] دېگەن ئەدەپسىز سۆزلەرنى قىلىپ، ئۇنى قاتتىق رەنجىتكەندىمۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارنى ئەپۇ قىلغانلىقىنى ئەسكە ئېلىڭلار.

9. ئى يەھۇدىيلار! ئەجدادلىرىڭلار بەيتۇلمۇقەددەس شەھىرىگە كىرىشتە، ئۇلار ئىشىكنى ئاللاھقا ھەمدۇسانا ئېيتىش بىلەن ئېچىشقا بۇيرۇلغىنىدا، ئۇلار بۇ ئەمرگە خىلاپلىق قىلغان ھالدا غادىيىپ كىرگەن بولسىمۇ، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارنى ئەپۇ قىلغانلىقىنى ئەسكە ئېلىڭلار.

10. ئى يەھۇدىيلار! ئەجدادلىرىڭلار چۆلدە سۇسىزلىقتىن زارلانغاندا، ئاللاھ تائالانىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ھاسىسى بىلەن تاشقا ئۇرۇشقا ئەمر قىلغانلىقى ۋە تاشتىن سۇ چىقىرىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قالغانلىقىنى ئەسكە ئېلىڭلار.

ئەسكەرتىش

[1] مائىدە سۈرىسى: 42 - ئايەت.

ئاللاھ تائالا يۇقىرىقى ئايەتلەر ئارقىلىق مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىكى يەھۇدىيلارغا خىتاب قىلغان. ھالبۇكى، يۇقىرىقى جىنايەتلەرنى ئۆتكۈزگەنلەر ئۇلار ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى ئىدى. بۇنىڭدىكى سىر شۇكى، يەھۇدىيلار ئەزەلدىن توغرا - خاتانى ئايرىماستىنلا ئەجدادلىرىنىڭ تەرىپىنى تۇتىدىغان، ئۇلارنىڭ تارىختىكى جىنايەتلىرى ۋە تۇرلۇك رەزىللىكلىرى بىلەن پەخىرلىنىدىغان ۋە ئەجدادلىرىنىڭ مەككارلىقىنى ئۆزلىرى ئۈچۈن ئۈلگە قىلىۋالغان بىر مىللەتتۇر. بۇنىڭ ئەڭ ئاددىي بىر مىسالى، قەدىمكى يەھۇدىيلار تارىختىن بېرى ئۆزلىرىنى توغرا يولغا باشلاش ئۈچۈن كەلگەن گۇناھسىز، پاك پەيغەمبەرلەرنى ئۆلتۈرۈپ كەلگەن بولسا، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىكى يەھۇدىيلارمۇ پەيغەمبىرىمىزنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن بىر قانچە قېتىم سۇيىقەست پىلانلىغان. ئەمما ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ ﴿يَا أَيُّهَا الرَّسُولُ بَلِّغْ مَا أُنْزِلَ إِلَيْكَ مِنْ رَبِّكَ وَإِنْ لَمْ تَفْعَلْ فَمَا بَلَّغْتَ رِسَالَتَهُ وَاللَّهُ يَعْصِمُكَ مِنَ النَّاسِ﴾ يەنى «ئى پەيغەمبەر! رەببىڭ تەرىپىدىن ساڭا نازىل قىلىنغان (ۋەھيى)نى يەتكۈزگىن، ئەگەر (بۇنى) قىلمىساڭ، ئاللاھ تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ئادا قىلمىغان بولىسەن. ئاللاھ سېنى كىشىلەرنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلايدۇ» [1] دېگەن ۋەدىسىگە ئاساسەن ئۇنى يەھۇدىيلارنىڭ سۇيىقەستلىرىدىن ساقلاپ قالغان.

مۇھىم نۇقتىلىرى:

1. نېمەتكە شۈكۈر قىلىش ئەقلىي ئىنسانلىق بۇرچىدۇر. نېمەتلەرنى بايان قىلىشتىن مەقسەت كىشىلەرنى ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىشقا تەشەببۇس قىلىشتۇر.

2. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنى ھەرخىل قىيىن سىناقلار بىلەن سىنايدۇ. بۇنىڭغا نارازىلىق بىلدۈرۈشكە بولمايدۇ.

3. ئەڭ چوڭ گۇناھ مەخلۇقاتنى ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈشتۇر.

4. پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەۋەتىلىشى ۋە كىتابلارنىڭ نازىل قىلىنىشى كىشىلەرنىڭ توغرا يول تېپىشى ئۈچۈندۇر.

5. ئاللاھ تائالادىن باشقىسىغا ئىبادەت قىلىش ئوپئوچۇق كۇفرىلىقتۇر. چۈنكى ئىبادەت پەقەت ئاللاھقىلا قىلىنىدۇ.

6. دىندىن يېنىۋېلىشنىڭ گۇناھى ناھايىتى ئېغىردۇر. چۈنكى، بۇنداق قىلىش شۇ دىننىڭ ھۆرمىتىنى دەپسەندە قىلغانلىق ھېسابلىنىدۇ.

7. ھالال يېيىشمۇ ئىبادەتتۇر. ھالال - ھارام ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن بەلگىلەنگەندۇر.

8. ئاللاھنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىشنىڭ ئاقىۋىتى ھەقىقەتەن ياماندۇر.

9. «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىنى ئۆزگەرتىپ چۈشەندۈرۈش ئېغىر گۇناھتۇر.

10. سۆز ۋە ئەمەلدە راستچىل بولۇش مۇئمىنلەرنىڭ ئەخلاقىدۇر.

[1] مائىدە سۈرىسى: 76 - ئايەت.



# ئىخلاسمەن ئۆلىمالار ۋە ئۇلارنىڭ سۈپەتلىرى

ئوبۇلقاسىم ئەھمەدى

ئاللاھ تائالا ئىلىم-مەرىپەتتە پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسلىرى قىلغان، ئىلىم-مەرىپەت ۋە دۇنيا-ئاخىرەتلىك ئىشلاردا خەلق ئاممىسىنىڭ يولەنچۈكى قىلغان، گۇۋاھلىقلىرىنى ئۆزىنىڭ ۋە پەرىشتىلەرنىڭ گۇۋاھلىقىنىڭ قاتارىدا ئېتىبارغا ئالغان، پۈتۈن مۆئمىنلەرنى ئۆزىنىڭ ۋە رەسۇلىنىڭ ئىتائىتىنىڭ قاتارىدا ئۇلارغىمۇ ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇغان، ئۇلار بىلەن دۈشمەنلەشكەنلەرگە چەك ئېلان قىلغان، خەلق ئاممىسىغا بىلمىگەن نەرسىلىرىنى ئۇلاردىن سوراشنى ۋاجىپ قىلغان، ئاسمان-زېمىنلاردىكى بارلىق مەخلۇقاتلارنىڭ، ھەتتاكى سۇنىڭ ئىچىدىكى بېلىقلارنىڭ مەغپىرەت تەلەپ قىلىشىغا نائىل بولغان ئىخلاسمەن ئۆلىمالار قانداق ئۆلىمالار؟ئىخلاسمەن ئۆلىمالارنى قانداق تونۇيمىز؟ ئىلگىرىكىلەر ئىخلاسمەن ئۆلىمالارنى قانداق تەرىپلىگەن؟ ئىخلاسمەن ئۆلىمالارنىڭ مۇھىم سۈپەتلىرى نېمە؟ ئىنشائاللاھ، بۇ ماقالىدە مانا بۇ سوئاللارغا جاۋاب تېپىشقا تىرىشىمىز.

ئىخلاسمەن ئۆلىمالار قانداق ئۆلىمالار؟

ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ شەرىئىتىنى پۇختا بىلىدىغان، بىلگەنلىرىگە ئەمەل قىلىدىغان، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلىدىغان ئۆلىمالاردۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يُؤْتِي الْحِكْمَةَ مَنْ يَشَاءُ وَمَنْ يُؤْتَ الْحِكْمَةَ فَقَدْ أُوتِيَ خَيْرًا كَثِيرًا وَمَا يَذَّكَّرُ إِلَّا أُولُو الْأَلْبَابِ﴾ «(ئاللاھ) ھېكمەتنى خالىغان بەندىسىگە ئاتا قىلىدۇ؛ ھېكمەت ئاتا قىلىنغان ئادەمگە كۆپ ياخشىلىق ئاتا قىلىنغان بولىدۇ. پەقەت ئەقىللىق ئادەملەرلا بۇنىڭدىن پەند - نەسىھەت ئالىدۇ»[1].

ئۇلار ئاللاھ تائالا ئىلىمدە ۋە دۇنيا-ئاخىرەتلىك ئىشلاردا خەلقنىڭ يۆلەنچۈكى قىلغان ئۆلىمالاردۇر[2]. ئۇلار ئىجتىھاد، سەۋر ۋە ئىشەنچ بىلەن يۇقىرى مەرتىۋىلەرگە

[1] سۈرە بەقەرە، 962 ـ ئايەت.

[2] تفسير الطبري (723/3).

ئىرىشكەن پېشۋالاردۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَجَعَلْنَا مِنْهُمْ أَئِمَّةً يَهْدُونَ بِأَمْرِنَا لَمَّا صَبَرُوا وَكَانُوا بِآيَاتِنَا يُوقِنُونَ﴾ «ئۇلار (كۆلپەتلەرگە) سەۋر قىلغان، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە جەزمەن ئىشەنگەن چاغدا، ئۇلاردىن بىر قىسىم كىشىلەرنى بىزنىڭ ئەمرىمىز بىلەن توغرا يول كۆرسەتىدىغان پېشۋالار قىلدۇق»[1].

ئۇلار پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىلمىي مىراسلىرى بىلەن يېتىشىپ، خەلقنى ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرىدىغان ئۆلىمالاردۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا كَانَ الْمُؤْمِنُونَ لِيَنْفِرُوا كَافَّةً فَلَوْلَا نَفَرَ مِنْ كُلِّ فِرْقَةٍ مِنْهُمْ طَائِفَةٌ لِيَتَفَقَّهُوا فِي الدِّينِ وَلِيُنْذِرُوا قَوْمَهُمْ إِذَا رَجَعُوا إِلَيْهِمْ لَعَلَّهُمْ يَحْذَرُونَ﴾ «مۇئمىنلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ جىھادقا چىقىشى لايىق ئەمەس (ئۇلارنىڭ بىر تۈركۈمى جىھادقا چىقتى)، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھەربىر جامائەدىن يەنە بىر تۈركۈمى دىنىي ئالىم بولۇپ، ئۇلار قەۋمىنىڭ قېشىغا قايتقاندىن كېيىن، قەۋمىنىڭ ئاللاھتىن قورقۇشى ئۈچۈن، ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇش مەقسىتىدە نېمىشقا (ئىلىم تەلەپ قىلىشقا) چىقمىدى؟»[2]

ئۇلار يۈز ئۆرۈگۈچىلەر ياكى قارشىلاشقۇچىلارغا پىسەنت قىلماستىن، قىيامەتكىچە ھەقىقەت ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرۇپ، خەلقنى توغرا يولغا باشلايدىغان ئۆلىمالاردۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئۈممىتىمدىن داۋاملىق ئاللاھنىڭ ئەمرىنى ئورۇندايدىغان بىر جامائە بولىدۇ، ئاللاھنىڭ ئەمرى كەلگەنگە قەدەر يۈز ئۆرۈگۈچىلەر ياكى قارشىلاشقۇچىلار ئۇلارغا (قىلچە) زەرەر يەتكۈزەلمەيدۇ، ئۇلار غەلىبە قىلغۇچىلاردۇر»[3].

ئۇلار ئاللاھ تائالا گۇۋاھلىقىنى ئۆزىنىڭ ۋە پەرىشتىلەرنىڭ گۇۋاھلىقىنىڭ قاتارىدا ئېتىبارغا ئالغان ئۆلىمالاردۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿شَهِدَ اللهُ أَنَّهُ لَا إِلَهَ إِلَّا هُوَ وَالْمَلَائِكَةُ وَأُوْلُوا الْعِلْمِ قَآئِماً بِالْقِسْطِ لَا إِلَهَ إِلَّا هُوَ الْعَزِيزُ الْحَكِيمُ﴾ يەنى «ئاللاھ ئادالەتنى بەرپا قىلغان ھالدا گۇۋاھلىق بەردىكى، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر. پەرىشتىلەرمۇ، ئىلىم ئەھلىلىرىمۇ شۇنداق گۇۋاھلىق بەردىكى، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر. ئۇ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر» [4].

ئۇلار ئاللاھ تائالا مۇئمىنلەرنى ئۆزىنىڭ ۋە رەسۇلىنىڭ ئىتائىتىنىڭ قاتارىدا ئۇلارغىمۇ ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇغان يېتەكچى ئۆلىمالاردۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَاأَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ أَطِيعُواْ اللهَ وَأَطِيعُواْ الرَّسُولَ وَأُوْلِي الأَمْرِ مِنكُمْ﴾ «ئى مۇئمىنلەر! ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە ۋە ئۆزۈڭلاردىن بولغان ئىش ئۈستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار» [5].

ئۇلار ئاللاھ تائالا خەلققە بىلمىگەن نەرسىلىرىنى ئۇلاردىن سوراشنى ۋاجىپ قىلغان ئۆلىمالاردۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَاسْأَلُواْ أَهْلَ الذِّكْرِ إِن كُنتُمْ لاَ تَعْلَمُونَ﴾ «بۇنى

[1] سۈرە سەجدە، 42 ـ ئايەت.
[2] سۈرە تەۋبە، 221 ـ ئايەت.
[3] البخاري، كتاب الاعتصام، باب قول النبي صلى الله عليه وسلم: «لا تزال...» (981/8) رقم 1137.
[4] سۈرە ئال ئىمران، 81 ـ ئايەت.
[5] سۈرە نىسا، 95 ـ ئايەت.

بىلمىسەڭلار، ئىلىم ئەھلىلىرىدىن سوراڭلار»[1].

ئۇلار كىتاب ئوقۇغان ۋە ئۆگەتكەنلىكى ئۈچۈن رەببانى، ئىخلاسمەن بولۇشى تەلەپ قىلىنغان ئۆلىمالاردۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿مَا كَانَ لِبَشَرٍ أَن يُؤْتِيَهُ اللهُ الْكِتَابَ وَالْحُكْمَ وَالنُّبُوَّةَ ثُمَّ يَقُولَ لِلنَّاسِ كُونُواْ عِبَادًا لِّي مِن دُونِ اللهِ وَلَكِن كُونُواْ رَبَّانِيِّينَ بِمَا كُنتُمْ تُعَلِّمُونَ الْكِتَابَ وَبِمَا كُنتُمْ تَدْرُسُونَ﴾ «ئاللاھ بىرەر ئىنسانغا كىتابنى، ھېكمەتنى، پەيغەمبەرلىكنى بەرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ كىشىلەرگە: ‹ئاللاھنى قويۇپ ماڭا بەندە بولۇڭلار› دېيىشى لايىق بولمايدۇ، لېكىن (ئۇ): ‹كىتابنى ئۆگەتكەنلىكىڭلار، ئوقۇغانلىقىڭلار ئۈچۈن رەببانىي بولۇڭلار› (دەيدۇ)» [2].

ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ دۈشمەنلەشكەنلەرگە جەڭ ئېلان قىلغان ئەۋلىيالىرى ـ دوستلىرىدۇر. ئاللاھ تائالا ھەدىس قۇدۇسىيدا مۇنداق دەيدۇ: {من عادى لي وليًّا فقد آذنته بالحرب} «كىمكى مېنىڭ ۋەلىيىم ـ دوستۇم بىلەن دۈشمەنلەشسىدىكەن، مەن ئۇنىڭغا جەڭ ئېلان قىلىمەن»[3].

ئۇلار ئاسمان ـ زېمىنلەردىكىلەر ۋە سۇنىڭ ئىچىدىكى بېلىقلار مەغپىرەت تەلەپ قىلىدىغان ئۆلىمالاردۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: {وإن العالم ليستغفر له من في السماوات ومن في الأرض، والحيتان في جوف الماء، وإن فضل العالم على العابد كفضل القمر على سائر الكواكب} «ئالىم ئۈچۈن ئاسمان ـ زېمىندىكىلەر، سۇنىڭ ئىچىدىكى بېلىقلار مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ. ئالىمنىڭ ئابىدتىن ئەۋزەل بولۇشى ئون تۆت كۈنلۈك تولۇن ئاينىڭ باشقا يۇلتۇزلاردىن ئەۋزەل بولغىنىغا ئوخشاشتۇر»[4].

ئىخلاسمەن ئۆلىمالار قانداق تونۇلىدۇ؟

ئىخلاسمەن ئۆلىمالار ئىلىملىرى بىلەن تونۇلىدۇ، ئىلىم ئۇلارنى باشقىلاردىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدۇ، ئۇلار خەلققە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن مىراس ئالغان ئىلىم بىلەن خىتاب قىلىدۇ، ئۇلار پىتنە ـ پاسات زامانلىرىدىمۇ ھەقىقەت ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرۇش بىلەن تونۇلىدۇ. ئىبنى قەييىم رەھمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «يېتۈك ئۆلىماغا دېڭىز دولقۇنلىرىدەك شەك ـ شۈبھىلەر يۈزلەنگەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ ئىشەنچىسىنى يوقىتالمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئىلىمدە يېتىشكەن بولۇپ، ئۇنى شەك ـ شۈبھىلەرنىڭ ئىغۋاگەرچىلىكلىرى تەۋرىتەلمەيدۇ»[5].

ئىخلاسمەن ئۆلىمالار دەۋەتى، تىرىشچانلىقى، تەقۋالىقى، ئاللاھتىن قورقىدىغانلىقى بىلەن تونۇلىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّمَا يَخْشَى اللَّهَ مِنْ عِبَادِهِ الْعُلَمَاءُ إِنَّ اللَّهَ عَزِيزٌ غَفُورٌ﴾ «ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئىچىدە ئاللاھتىن پەقەت ئۆلىمالارلا قورقىدۇ، ئاللاھ

[1] سۈرە نەھل، 34 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ئال ئىمران، 97 ـ ئايەت.
[3] ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان ھەدىس.
[4] أخرجه أبو داود في العلم رقم: {7513}، والدارمي رقم: {493}
[5] مفتاح دار السعادة (041/1).



ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com

ھەقىقەتەن غالىبتۇر، (بەندىلىرى ئىچىدە تەۋبە قىلغانلارنى) مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر»[1].

ئىخلاسمەن ئۆلىمالار ياخشى كىشىلەرنىڭ، يېتۈك ئالىملارنىڭ ۋە ئۇستازلىرىنىڭ گۇۋاھلىقى بىلەن تونۇلىدۇ.

مانا بۇلار ئىخلاسمەن ئۆلىمالىقنىڭ دەلىللىرىدۇر. ئەمما مەنسەپ ۋە باشقىلار ئۆلىمالىققا دەلىل بولالمايدۇ.

ئىخلاسمەن ئۆلىمالار سايلام ياكى دىپلوم ۋە ياكى ئۇنۋانلىرى بىلەن بەلگىلەنمەيدۇ. تارىختا مەنسەپ تۇتمىغان، ئەمما ئۇممەتكە پېشۋا بولۇپ خىزمەت قىلىپ، نامى دۇنياغا تارقالغان نۇرغۇن ئىخلاسمەن ئۆلىمالار ئۆتكەن. بۇ، ئىلمىي مەنسەپلەرگە تەيىنلەنگەنلەر ئىخلاسمەن ئۆلىما ئەمەس دېگەنلىك بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. بەلكى مەنسەپ ئىخلاسمەن ئۆلىمالىقنىڭ دەلىلى بولالمايدۇ دېگەنلىك بولىدۇ.

ئىخلاسمەن ئۆلىمالار بىلەن قولاق موللىسى، مەدداھ، ۋائىز ۋە ناتىقلارنىڭ پەرقىنى ئايرىش زۆرۈر. ئىخلاسمەن ئۆلىما بەزىدە ياخشى سۆزلىيەلمەيدىغان ياكى ئاز سۆزلەيدىغان كىشى بولۇشى، ئەمما خەلق ئىچىدە ئىخلاسمەن ئۆلىماغا قارىغاندا تىلى راۋان، سۆزلەش ماھارىتى يۇقىرى كىشىلەر بولۇشى مۇمكىن. قولاق موللىسى، مەدداھ، ۋائىز ۋە ناتىقلار بەزى قىممەتلىك مەلۇماتلارنى يادلىۋالغان بولسىمۇ، لېكىن تېگىدىن ئىلمىي ئاساسى بولمىغانلىقتىن، مەسىلىلەرنى شەرىئەت پرىنسىپى بويىچە ھەل قىلىشتىن ئاجىز كېلىدۇ. ئەمما ئىخلاسمەن ئۆلىمالار شەرىئەت ئىلىملىرىنى سىستېمىلىق ئوقۇپ يېتىشكەنلەر بولۇپ، ئايەت ـ ھەدىسلەرنى، ۋەقەلىكلەرنى، شەرىئەتنىڭ مەقسەت ۋە نىشانلىرىنى توغرا چۈشىنىش قابىلىيىتىگە ئىگە بولغان پېشۋالاردۇر[2].

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «سىلەر ھازىر ئۆلىمالىرى كۆپ، ناتىقلىرى ئاز بىر زاماندا ياشاۋاتىسىلەر، سىلەردىن كېيىن ناتىقلىرى كۆپ، ئۆلىمالىرى ئاز بىر زامان كېلىدۇ»[3].

شۇنىڭدەك، ئىخلاسمەن ئۆلىمالار بىلەن زىيالىيلار ۋە مۇتەپەككۇرلارنىڭ پەرقىنى بىلىشمۇ ئىنتايىن زۆرۈردۇر. زىيالىي ۋە مۇتەپەككۇرلارنىڭ مىللەتكە يەتكۈزگەن پايدىلىرى كۆپ، خەلقنىڭ قەلبىدىكى ئورنى يۇقىرى بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇلار يەنىلا ئىخلاسمەن ئۆلىمالارنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ. ئۇلارنىڭ شەرىئەت ئىشلىرىدا ئىخلاسمەن ئۆلىمالارغا مۇراجىئەت قىلىشى ۋە ئۇلار بىلەن ھەمكارلىششى زۆرۈر بولىدۇ[4].

قۇرئان كەرىمدە بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلارنىڭ باراۋەر بولالمايدىغانلىقى، ئۆلىمالارنىڭ ئاللاھ تائالادىن ئەڭ بەك قورقىدىغان كىشىلەر ئىكەنلىكى، ئاللاھ تائالانىڭ مۆئمىنلەرنى ئۆزىگە، رەسۇلىغا ۋە ئىش بىشىدىكى يېتەكچى ئۆلىمالارغا

[1] سۈرە فاتىر، 82 ـ ئايەت.
[2] قواعد في التعامل مع العلماء، ص33.
[3] البخاري، كتاب الأدب المفرد، ص643.
[4] جامع بيان العلم لابن عبد البر (69/2).

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇغانلىقى قاتارلىقلار ھەققىدە نۇرغۇن دەلىللەر بايان قىلىنىدۇ. ھەدىس شەرىپلەردىمۇ ئۆلىمالارنىڭ پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسلىرى بولۇپ، ئاللاھ تائالا ياخشىلىق ئىرادە قىلغان، پەيغەمبەرلەردىن قالسىلا ئەڭ ئەۋزەل كىشىلەر ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇلارنىڭ مەرتىۋىسىنىڭ يۇقىرىلىقىنى بايان قىلىدىغان ھەدىسلەر كۆپ ئۇچرايدۇ.

ئىخلاسمەن ئۆلىمالارنىڭ رولىنى تونۇش ۋە ئۇلارغا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇش ھەققىنى بېرىش مىللەتنىڭ غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىشىنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ.

بۈگۈنكىدەك پىتنە-پاسات دەۋرىدە ئىخلاسمەن ئۆلىمالارغا بولغان ئېھتىياج تېخىمۇ كۈچىيىدۇ، بۇنداق ۋاقىتتا پىتنىخورلارغا ئەمەس، ئىش بېشىدىكى يېتەكچى ئۆلىمالارغا مۇراجىئەت قىلىش، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سېلىش زۆرۈر بولىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِذَا جَاءَهُمْ أَمْرٌ مِنَ الْأَمْنِ أَوِ الْخَوْفِ أَذَاعُوا بِهِ وَلَوْ رَدُّوهُ إِلَى الرَّسُولِ وَإِلَى أُولِي الْأَمْرِ مِنْهُمْ لَعَلِمَهُ الَّذِينَ يَسْتَنْبِطُونَهُ مِنْهُمْ وَلَوْلَا فَضْلُ اللَّهِ عَلَيْكُمْ وَرَحْمَتُهُ لَاتَّبَعْتُمُ الشَّيْطَانَ إِلَّا قَلِيلًا﴾ «(مۇئمىنلەرگە ئائىت) ئامانلىقنىڭ ياكى قورقۇنچنىڭ بىرەر خەۋىرى ئۇلارغا (يەنى مۇناپىقلارغا) يەتسە، ئۇنى تارقىتىدۇ، ئەگەر ئۇنى پەيغەمبەرگە ۋە (مۇئمىنلەر) نىڭ ئىچىدىكى ئىش ئۈستىدىكىلەرگە مەلۇم قىلسا، (شۇ) خەۋەرنى چىقارغۇچىلار (شۇ خەۋەرنىڭ ھەققىي ئەھۋالىنى) ئۇلاردىن ئەلۋەتتە بىلىۋالاتتى. (ئى پەيغەمبەر!) ئەگەر سىلەرگە ئاللاھنىڭ پەزلى ۋە مەرھەمىتى بولمىسا ئىدى، سىلەرنىڭ ئازغىنا كىشىدىن باشقىلىرىڭلار، ئەلۋەتتە، شەيتانغا ئەگىشىپ كېتەتتىڭلار»[1].

## ئىخلاسمەن ئۆلىمالارنىڭ مۇھىم سۈپەتلىرى

ئىخلاسمەن ئۆلىمالارنىڭ نۇرغۇن سۈپەتلىرى بار بولۇپ، مۇھىم دەپ قارالغان بەزى سۈپەتلىرىنى تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

1. ئەقىدە، ئىبادەت، ئەدەپ-ئەخلاق، يۈرۈش-تۇرۇش قاتارلىقلاردا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىنى تۇتىدىغان بولۇش. بۇ يول، نىجات تاپقۇچى، ياردەم بېرىلگۈچى جامائەتنىڭ يولى بولۇپ، نىجات تېپىشنى، ئاللاھنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىشنى ئىزدىگەن ھەربىر ئۆلىما ئۆزى بۇ يولدا مۇستەھكەم تۇرۇشى بىلەن بىرگە، خەلق ئاممىسىنى بۇ يولغا چاقىرىشى لازىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: {ألا إنّ منْ قبلكم من أهل الكتاب افترقوا على ثنتين وسبعين ملة، وإن هذه الأمة ستفترق على ثلاث وسبعين، ثنتان وسبعون في النار، وواحدة في الجنة، وهي الجماعة. وفي رواية: قيل: ما هي؟، قال: ما عليه أنا وأصحابي اليوم} «سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئەھلى كىتابلار يەتمىش ئىككى پىرقىگە بۆلۈنۈپ كەتتى، بۇ ئۈممەت يەتمىش ئۈچ پىرقىگە بۆلۈنىدۇ، يەتمىش ئىككىسى دوزاختا، بىرسى جەننەتتە بولىدۇ، جەننەتتە بولىدىغىنى بۈگۈن مەن ۋە ساھابىلىرىم ماڭغان يولنى تۇتقان جامائەتتۇر»[2].

2. ئاللاھ رازىلىقىنى كۆزلەيدىغان بولۇش. ئاللاھ ئەمىرلىرىنى قوبۇل قىلسۇن،

---
[1] سۈرە نىسا، 38 ـ ئايەت.
[2] صحيح سنن أبي داود، للألباني رقم: (7954).

ھەربىر ئۆلىما ئۆزىنىڭ ئىلمى، ئەمىلى ۋە بارلىق سۆز - ھەرىكەتلىرىدە ئاللاھ رازىلىقىنى كۆزلىشى، تەقۋادارلاردىن بولۇشى لازىم. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّمَا يَتَقَبَّلُ اللهُ مِنَ الْمُتَّقِينَ﴾ يەنى «ئاللاھ پەقەت تەقۋادارلارنىڭ (ئەمەل - ئىبادەتلىرىنى) قوبۇل قىلىدۇ»[1].

3. ئاللاھتىن قورقىدىغان بولۇش. ئاللاھتىن ھەقىقىي قورقىمىغان كىشى كۆپ نەرسىلەرنى بىلىدىغانلىقىنى دەۋا قىلغان تەقدىردىمۇ، ئۇ ئىخلاسمەن ئۆلىما ھېسابلانمايدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّمَا يَخْشَى اللهَ مِنْ عِبَادِهِ الْعُلَمَاءُ﴾ «ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئىچىدە ئاللاھتىن پەقەت ئۆلىمالارلا قورقىدۇ»[2].

4. ئۆگىنىدىغان ۋە ئۆگىتىدىغان بولۇش. پەرز ئەمەللەردىن قالسا، ئەڭ ئەۋزەل ئىبادەت ئۆگىنىش ۋە ئۆگەنگەنلىرىنى باشقىلارغا ئۆگىتىشتۇر. ئۆگەنگەنلىرىنى خەلققە ئۆگەتمىگەن ئۆلىما ھەرقانچە كاتتا ئۆلىما بولۇپ كەتسۇن، ئۇ ئىخلاسمەن ئۆلىمالاردىن سانالمايدۇ. ئىلىم ئۆلىمالارنىڭ بويۇنلىرىدىكى ئامانەتتۇر. ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىشنى تەرك ئەتكەنلەر ئېغىر گۇناھكار بولىدۇ. ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىش بولمىسا، ئىلىم كېتىپ قالىدۇ. ئىلىمنىڭ كېتىپ قېلىشى قىيامەت ئالامەتلىرىدىن سانىلىدۇ. ئىلىم ھەممىنىڭ ئاۋۋىلىدۇر. ئىلىم قوماندان، ئەمەل ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىسىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿فَاعْلَمْ أَنَّهُ لا إِلَهَ إِلَّا اللهُ وَاسْتَغْفِرْ لِذَنبِكَ﴾ «بىلگىنكى، ئاللاھتىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، گۇناھىڭ ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىگىن»[3].

5. تەرجىمە ۋە يېزىقچىلىق ئىشلىرىغا ئەھمىيەت بېرىش. بۈگۈنكىدەك ھىممەت ئاجىزلىشىپ كەتكەن، مۇسۇلمانلار ئىلگىرى يېزىلغان قىممەتلىك كىتابلاردىن پايدىلىنالمايدىغان بولۇپ قالغان بىر زاماندا، زاماننىڭ تەلىپىگە لايىق، ئىخچام ۋە چۈشىنىش ئاسان بولغان كىتاب - ژۇرناللارنى تەرجىمە قىلىپ ۋە يېزىپ تارقىتىش ئىخلاسمەن ئۆلىمالارنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى زۆرۈر بولغان مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرىدۇر.

ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىش، تەرجىمە قىلىش ۋە يېزىش قاتارلىق ئىشلار ئىنسان ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئەجرى - ساۋابى ئۈزۈلمەي يېتىپ تۇرىدىغان سەدىقە جارىيىنىڭ جۈملىسىدىن سانىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: {إذا مات الإنسان انقطع عمله إلاَّ من ثلاث: صدقة جارية، أو عِلم ينتفع به، أو ولد صالح يدعو له} «ئىنسان ئۆلۈپ كەتسە، سەدىقە جارىيە، مەنپەئەتلىك ئىلىم، دۇئا قىلىپ تۇرىدىغان ياخشى پەرزەنت قاتارلىق ئۈچ ئەمەلدىن باشقا ئەمەللىرى ئۈزۈلۈپ قالىدۇ»[4].

6. ئىلىمدە توشقان بولۇش. يەنى مەنىسى ئوچۇق ئايەتلەر بىلەن مەنىسى مۇئەييەن بولمىغان ئايەتلەرنىڭ ئوتتۇرىسىنى پەرقلەندۈرەلەيدىغان بولۇش، ئىلىمدە توشقان بولۇش ئىخلاسمەن ئۆلىمالارنىڭ سۈپەتلىرىدىندۇر. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ

[1] سۈرە مائىدە، 27 - ئايەت.
[2] سۈرە فاتىر، 28 - ئايەت.
[3] سۈرە مۇھەممەد، 19 - ئايەت.
[4] ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىس، نومۇرى 1631.

www.uyghurkitap.com

ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: «تەپسىر تۆۋەندىكىدەك تۆت تۈرلۈك بولىدۇ: ھەممە ئادەم بىلىدىغان تەپسىر، ئەرەبلەر ئۆز تىلى ئارقىلىق بىلىدىغان تەپسىر، ئۆلىمادە توشقانلار بىلىدىغان تەپسىر، ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدىغان تەپسىر»[1]. خاۋارىجلارنىڭ ئەڭ چوڭ خاتالىقلىرىنىڭ بىرى، مەنىسى ئوچۇق ئايەتلەر بىلەن مەنىسى مۇئەييەن بولمىغان ئايەتلەرنىڭ ئوتتۇرىسىنى پەرقلەندۈرەلمەسلىكتۇر. ئاللاھ تائالا مەنىسى ئوچۇق ئايەتلەر بىلەن مەنىسى مۇئەييەن بولمىغان ئايەتلەرنىڭ ئوتتۇرىسىنى پەرقلەندۈرەلەيدىغان، ئىلىمدا توشقان ئۆلىمالارنى مەدھىيىلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿هُوَ الَّذِيَ أَنزَلَ عَلَيْكَ الْكِتَابَ مِنْهُ آيَاتٌ مُّحْكَمَاتٌ هُنَّ أُمُّ الْكِتَابِ وَأُخَرُ مُتَشَابِهَاتٌ فَأَمَّا الَّذِينَ في قُلُوبِهِمْ زَيْغٌ فَيَتَّبِعُونَ مَا تَشَابَهَ مِنْهُ ابْتِغَاء الْفِتْنَةِ وَابْتِغَاء تَأْوِيلِهِ وَمَا يَعْلَمُ تَأْوِيلَهُ إِلاَّ اللهُ وَالرَّاسِخُونَ فِي الْعِلْمِ يَقُولُونَ آمَنَّا بِهِ كُلٌّ مِّنْ عِندِ رَبِّنَا وَمَا يَذَّكَّرُ إِلاَّ أُوْلُواْ الألْبَابِ﴾ «(ئى پەيغەمبەر!) ئۇ (ئاللاھ) ساڭا كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) نازىل قىلدى. ئۇنىڭدا مۇھكەم (يەنى مەنىسى ئوچۇق) ئايەتلەر باركى، ئۇلار كىتابنىڭ (يەنى پۈتۈن قۇرئاننىڭ) ئاساسىدۇر؛ يەنە باشقا مۇتەشابىھ (يەنى مەنىسى مۇئەييەن بولمىغان) ئايەتلەر باردۇر. دىللىرىدا ئەگرىلىك بار (يەنى گۇمراھلىققا مايىل) كىشىلەر پىتنە قوزغاش ۋە ئۆز رايى بويىچە مەنە بېرىش ئۈچۈن، مۇتەشابىھ ئايەتلەرگە ئەگىشىدۇ (يەنى مۇتەشابىھ ئايەتلەرنى ئۆز نەپسى خاھىشى بويىچە چۈشەندۈرىدۇ). بۇنداق ئايەتلەرنىڭ (ھەقىقىي) مەنىسىنى پەقەت ئاللاھ بىلىدۇ. ئىلىمدا توشقانلار ئېيتىدۇ: «ئۇنىڭغا ئىشەندۇق، ھەممىسى پەرۋەردىگارىمىز تەرىپىدىن نازىل بولغان. (بۇنى) پەقەت ئەقىل ئىگىلىرىلا چۈشىنىدۇ»[2].

7. خەلق بىلەن ئارىلىشىپ ئۆتىدىغان، ئۇلارغا توغرا يولنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان بولۇش. خىزمەت باھانىسى، تەرجىمە ۋە يېزىقچىلىق بىلەن مەشغۇل بولۇش باھانىلىرى بىلەن، خەلقتىن ئايرىلىۋېلىش ياخشى ئىش ئەمەس. سەلەف سالىھ ئۆلىمالار خەلق ئاممىسىدىن ئايرىلىۋالمايتتى، بەلكى ئۇلار بىلەن ئارىلىشىپ ئۆتۈپ، ئۇلارنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇيتتى، يامان ئىشلاردىن توساتتى، ئۇلارغا توغرا يولنى كۆرسىتىپ بېرەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: {المؤمن الذي يُخالط النّاس ويصبر على أذاهم أفضلُ من المؤمن الذي لا يخالط النّاس ولا يصبر على أذاهم} «خەلققە ئارىلاشقان، ئۇلاردىن يەتكەن ئەزىيەتلەرگە سەۋر قىلغان مۇئمىن خەلققە ئارىلاشمايدىغان ۋە ئۇلاردىن يەتكەن ئەزىيەتلەرگە سەۋر قىلمايدىغان مۇئمىندىن ئەۋزەلدۇر»[3].

8. كەمتەر، مۇلايىم ۋە كۆيۈمچان بولۇش. بۇ سۈپەتلەر ئەسلىدە ئاللاھ تائالانىڭ تەربىيىسىدە يېتىلگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىدىندۇر. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەۋسىيە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَاخْفِضْ جَنَاحَكَ لِمَنِ اتَّبَعَكَ مِنَ الْمُؤْمِنِينَ﴾ «ساڭا ئەگەشكەن مۇئمىنلەرگە مۇلايىم بولغىن»[4].

[1] رواه ابن جرير عن ابن عباس، عمدة التفسير (84/1).
[2] سۈرە ئال ئىمران، 7 ـ ئايەت.
[3] رواهاأحمد والترمذي وغيرهما عن ابن عمر رضي الله عنهما
[4] سۈرە شۇئەرا، 512 ـ ئايەت.

يەنە بىر ئايەتتە، ئاللاھ تائالا مۆئمىنلەرنى سۈپەتلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَذِلَّةٍ عَلَى الْمُؤْمِنِينَ أَعِزَّةٍ عَلَى الْكَافِرِينَ﴾ «(ئۇلارنىڭ ئورنىغا) مۆئمىنلەرگە كۆيۈنىدىغان، كاپىرلارغا ئۆزىنى ئەزىز تۇتىدىغان (مۆئمىنلەرنى كەلتۈرىدۇ)»[1].

9. ئاللاھ، ئاللاھنىڭ كىتابى، پەيغەمبىرى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىماملىرى ۋە ئومۇمىي مۇسۇلمانلار ئۈچۈن سەممىي بولۇش. سەممىي بولۇش دىنىنىڭ جەۋھىرىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: {الدين النصيحة، ثلاثاً، قلنا: لمن؟، قال: لله، ولكتابه، ولرسوله، ولأئمة المسلمين وعامتهم} «دىن سەممىي بولۇشتۇر، (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سۆزنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى)، بىز: كىم ئۈچۈن؟ - دېگىنىمىزدە، ئۇ: ئاللاھ، ئاللاھنىڭ كىتابى، پەيغەمبىرى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىماملىرى ۋە ئومۇمىي مۇسۇلمانلار ئۈچۈن، - دەپ جاۋاب بەردى»[2].

10. جېدەل - ماجىرالاردىن يىراق تۇرىدىغان بولۇش. جېدەل - ماجىرا ئىنسانغا ھەرگىز ياخشىلىق ئېلىپ كەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مۆئمىن - مۇسۇلمانلار، بولۇپمۇ، ئالىم - ئۆلىمالار جېدەل - ماجىرالاردىن قەتئىي يىراق تۇرۇشى لازىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: {أنا زعيم ببيت في ريض الجنة-طرف الجنة-لمن ترك المراء وإن كان محقًا، وببيت في وسط الجنة لمن ترك الكذب وإن كان مازحًا، وببيت في أعلى الجنة لمن حسن خلقه} «مەن ھەقلىق بولسىمۇ، جېدەل - ماجىرانى تەرك ئەتكەن كىشى ئۈچۈن، جەننەتنىڭ تەرپىدە بىر ئۆي بېرىلىشىگە؛ چاقچاقچى بولسىمۇ، يالغانچىلىقنى تەرك ئەتكەن كىشى ئۈچۈن، جەننەتنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر ئۆي بېرىلىشىگە، ئەخلاقى ياخشى بولغان كىشى ئۈچۈن، جەننەتنىڭ يۇقىرى تەرپىدە بىر ئۆي بېرىلىشىگە كېپىلمەن»[3].

مانا بۇلار ئىخلاسمەن ئۆلىمالاردا بولۇشى زۆرۈر بولغان بەزى مۇھىم سۈپەتلەر بولۇپ، بۇ سۈپەتلەرنى ئۆزىدە مۇجەسسەملىگەن ئۆلىما ئىنشائاللاھ، ئىخلاسمەن ئۆلىمالار كارۋىنىغا قوشۇلغۇسى.

ئى ئاللاھ، بىزنى شەرىئەتنى پۇختا بىلىدىغان، بىلگەنلىرىگە ئەمەل قىلىدىغان، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلىدىغان، سۆز - ھەرىكەتلىرىدە رازىلىقىڭنى كۆزلەيدىغان، ئازابىڭدىن قورقىدىغان، رەھمىتىڭدىن ئۈمىدۋار بولىدىغان، خەلققە كۆيۈنىدىغان، ئۇلارغا توغرا يولنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئىخلاسمەن ئۆلىمالاردىن قىلغىن، ئى ئاللاھ، «بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن. غەزىپىڭگە يولۇققانلارنىڭ ۋە ئازغانلارنىڭ يولىغا ئەمەس، سەن ئىنئام قىلغانلارنىڭ يولىغا (باشلىغىن)»[4] ۋە بۇ يولدا مۇستەھكەم قىلغىن، ئامىن.

بۇ ماقالىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: مۆمىنجان سىدىق

[1] سۈرە مائىدە، 45 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىس، نومۇرى: 55.
[3] ئىمام ئەبۇ داۋۇت رىۋايەت قىلغان ھەدىس، نومۇرى: 0084.
[4] فاتىھە 6 - ، 7 - ئايەتلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# ئۆلىمالىرىمىزنى قەدىرلەيلى

مۇھەممەدئىمىن بىشارەت

يىراقتىكى موللا داموللا، يېقىندىكى موللا بار موللا

(ئۇيغۇر خەلق ماقال تەمسىللىرىدىن)

ئۆلىمالار ـ مىللەتنىڭ بايلىقى، كەلگۈسى ئۈمىدى، نۇرلۇق قۇياشى، ھىدايەت يۇلتۇزى، بەخت ـ سائادىتى، پەخرى ـ شاراپىتى، ئىستىقبال كاپالىتى، مۇستەقىللىق بېشارىتى دېمەكتۇر. ئۆز ئالىملىرىدىن نەپرەتلىنىدىغان مىللەت قۇياشتىن نەپرەتلىنىدىغان شەپەرەڭلەر توپىغا ئوخشايدۇ. ئۆز ئالىملىرىنى قەدىرلىمىگەن مىللەت ئالىمسىز قالىدۇ. ئالىمسىز قالغان مىللەت جاھالەت باياۋانلىرىدا يول تاپالماي ۋەيران بولىدۇ.

كىچىك ۋاقتىلىرىمىزدا دادامدىن «يىراقتىكى موللا داموللا، يېقىندىكى موللا بار موللا» دېگەن ماقال ـ تەمسىلنى پات ـ پات ئاڭلاپ قالاتتىم. ئۇ چاغلاردا ئەسىرلەر بويى تاۋلىنىپ ئەجدادلىرىمىزدىن بىزگىچە يېتىپ كەلگەن بۇ ئەقلىيە سۆزنىڭ مەنىسىنىڭ تېگىگە يەتمەيتتىكەنمەن. كېيىن ئىلمى ھاياتقا قەدەم باسقاندىن كېيىن، بۇ سۆزنىڭ ئالىملاردىن ئاۋام پۇقرالارغىچە ھەممىلا كىشىنىڭ ئېغىزىدا قايىللىق بىلەن ئايلىنىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ ئۇزاق ئويلانغاندىم. مانا بۈگۈن بۇ سۆزنىڭ ئۆتمۈشىمىز ۋە رېئاللىقىمىز بىلەن چوڭقۇر باغلىنىشلىق ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، قولۇمغا قەلەم ئېلىش ئىمكانىيىتىم بولغان بۇ سائەتلەردە ئاق قەغەزنى قارا سىياھ بىلەن بوياپ ئولتۇرۇپتىمەن.

مەزكۇر ماقال ـ تەمسىلنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخى ھەققىدە ئىشەنچلىك، ئېنىق بىر تارىخى مەلۇماتقا ئىگە بولمىساممۇ، ئەمما ئۇ تارىخىمىزدىكى ئاچچىق تراگېدىيەلەرنىڭ خەلق قەلبىدىن ئېتىلىپ چىققان ھەسرەتلىك نامايەندىسى سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەنلىكى

مانا مەن دەپلا چىقىپ تۇرىدۇ.

16 ـ ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ نەمەنگان شەھىرىدە تۇغۇلۇپ نەقشىبەندىيە تەرىقىتىنىڭ بەشىنچى ئەۋلاد پىرى دەپ قارالغان مەخدۇم ئەزەم ئۆز شەھىرىدە تۇرار جايى قالمىغاندا ئۇيغۇر سەئىدىيە خاندانلىقىنىڭ پايتەختى بولغان يەكەنگە سوقۇنۇپ كىرگەندىن كېيىن، يىراقتىن كەلگەن بۇ «ئۇلۇغ ھەزرەت» نى خەلق بېشىغا ئېلىپ كۆتۈردى. ھوقۇق ـ مەنسەپنى دەپ غالدان باشچىلىقىدىكى قالماقلارنى باشلاپ كېلىپ ئۇيغۇر خەلقىنى قەتلىئام قىلغان، ھەمدە خەلقىنىڭ ئاق تاغلىق قارا تاغلىق دەپ ئىككىگە بۆلۈنۈپ، تەختى ـ بەختىنىڭ ۋەيران بولۇپ، زۇلمەتلىك قارا كۈنلەرگە مۇپتىلا بولۇشىغا سەۋەپ بولغان كىشى دەل ئۇنىڭ نەۋرىلىرىدىن بولغان ھىدايەتۇللا ئاپاق غوجا ئىدى. بىچارە خەلق بىلمىگەن ھالدا ئۇ نائىنساپلارغا ئىقبال تىزگىنىنى تامامەن تۇتقۇزۇپ قويغان ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىپلاس قولى بىلەن ئەسىرلەر بويى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان قۇدرەتلىك سەئىدىيە خاندانلىقى دومىلاپ چۈشۈپ خەلقنىڭ تەختى ـ بەختى ۋەيران، چىرايى خازان، شانلىق مەدەنىيىتى يەر بىلەن يەكسان بولۇپ، ئۇيغۇر تارىخىنىڭ تەرەققىيات چاقى300 يىل كەينىگە سۈرۈلۈپ كەتتى. بۇ ئىش يەنە 1878 ـ يىلدىن باشلانغان ياقۇپ بەگ ھاكىمىيىتىنىڭ يىقىلىپ بۈگۈنكى كۈنىمىزگە قەدەر داۋاملىشىۋاتقان خىتاي ئىستىلاسىنىڭ ئاساسىي ھۇلىنى بەرپا قىلغان ئىدى. مانا بۇ تارىخىمىزدىكى سالاھىيىتى مەلۇم بولمىغان، يىراقتىكىلەرگە چوقۇنۇش ۋە يات پىكىر ۋە ئېقىملارغا قارىغۇلارچە ئەگىشىشتىن كېلىپ چىققان تولىمۇ ئاچچىق تراگېدىيەلەرنىڭ جانلىق مىساللىرىدىن بىرى ئىدى.

1848 ـ يىلى شەرقى تۈركىستاننىڭ قاغىلىق ناھىيەسى زوڭلاڭ يېزىسى ئايباغ كەنتىدە دۇنياغا كۆز ئېچىپ ھىندىستان، ئىران، ئافغانىستان قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئالىي ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدىكى مەشھۇر ئۇستازلاردا ئىلىم تەھسىل قىلىپ، شەرىئەت، ئەدەبىيات ۋە تىبابەت ساھەلىرىدە كامالەتكە يەتكەن ئەدىبلەر پىشۋاسى ھۆسەيىنخان تەجەللى ھەزرەتلىرى يەكەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، يىشىل مەدرىسىدە بىر قانچە يىل مۇدەررىسلىك قىلغان بولسىمۇ ھەسەتخورلارنىڭ دۈشمەنلىكى تۈپەيلىدىن تۈرلۈك تۆھمەتلەر چاپلىنىپ، خاتىرجەم ياشاش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم قىلىنغان، ھەتتا شۇ ۋاقىتتىكى مانجۇ ئەمەلدارلىرىغا شىكايەت قىلىنغان. تەجەللى ئاخىرى يەكەننى تاشلاپ، تۇغۇلغان يۇرتى قاغىلىققا بېرىپ تىبابەت ۋە يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان، لېكىن ئۇ يەردىمۇ كۆتۈپخانا ۋە تەجرىبىخانىسىغا ئوت قويۇۋېتىلگەن.[1] يەكەن دەرياسىدا ئېقىپ كەتكەن كىتابلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۆمرىدە ئون توققۇز پارچە قىممەتلىك ئەسەر قالدۇرۇپ كەتكەن بۇ گىگانت ئۇيغۇر ئالىمى ۋە داڭلىق شائىر ھۆسەيىنخان تەجەللىنى بىز ئەنە شۇنداق قارشى ئالغاندۇق.

جاھالەت زۇلمەتلىرى ئىچىدە ئېغىراپ ياتقان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ نۇرلۇق قۇياشى،

[1] مۇختار ماموت مۇھەممەدى «ئۇيغۇر ئالىمى تەجەللى» 1 ـ 5 ۋە 633 ـ بەت

ئۇيغۇر كىتاب تورىكىتابى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئالىم، ئەدىب، بۈيۈك ئىسلاھاتچى ئابدۇقادىر داموللامنى مىللەت ئۆزلىرىنىڭ قۇتقۇزغۇچىسى دەپ تونۇپ، قوللاپ-قۇۋۋەتلەشنىڭ ئورنىغا جەدىدىزىمچى، خەلقنى يولدىن چىقىرىۋاتىدۇ دەپ تۆھمەت قىلىپ، ئىسلاھات يوللىرىغا تىكەن تاشلاپ، قىلمىغان دۈشمەنلىكلىرى قالمىغان ئىدى. ئاخىرى ئامال بولمىغاندا 1924-يىلى تاڭ سەھەردە بامدات نامىزىغا مەسچىتكە چىقاي دەپ تۇرغاندا پەخىرلىك ئالىمىمىز ئابدۇقادىر داموللام، ئۆز خەلقىمىز ئىچىدىكى پىچاقلىق بىر قارا قول تەرىپىدىن شېھىت قىلىۋېتىلگەن ئىدى.

پۈتۈن ھاياتىنى ئىسلام ئۈچۈن بېغىشلىغان، پىداكار، مول ھوسۇللۇق، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پەخىرلىك ئالىمى ئەللامە مۇھەممەد سالىھ داموللا ھاجىمنىڭ «قۇرئان كەرىم ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى» جەمئىيەت بىلەن يۈز كۆرۈشكەن دەسلەپكى مەزگىللەردە، سەئۇدى ئەرەبىستان، مىسىر، ماراكەش، ئىئوردانىيە، ئىران قاتارلىق دۆلەت پادىشاھلىرىنىڭ ئالاھىدە تەكلىپلىك مېھمىنى بولۇپ قەدىرلەنگەن، ئىستىل مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن، ئالىملار ۋە شائىرلار تەرىپىدىن قىزغىن ئالقىشلانغان بۇ بۈيۈك ئۇستاز، ئەكسىچە، ۋەتىنىمىزدىكى بىر قىسىم ئاتالمىش ئۆلىمالار، بۇرنىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرىدىغان بىلەرمەنلەر ۋە نادان كىشىلەرنىڭ ھەسەت، غەيۋەت ۋە قامچىلاش ئوبيېكتىغا ئايلانغانىدى.

بىرەر قېتىم قولغا ئېلىپ باشتىن ئاخىرى ئەمەس، ئون-يىگىرمە بەت بولسىمۇ ئوقۇپ باقمايلا، تەرەپ-تەرەپتىن تىل-ھاقارەتلەرنى، قار-يامغۇر كەبى ياغدۇرۇپ مۇسۇلمانلىرىمىزنى قايمۇقتۇرۇپ، ئۇستازنى ۋە ئىلىم سۆيەر مۇسۇلمانلارنى ناھايىتى بىئارام قىلغان ئىدى. ئەينى دەۋردە، كىشىلەر ئۇيغۇر تارىخىدىكى جەمئىيەت بىلەن تۇنجى قېتىم تولۇق يۈز كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكەن بۇنداق بۈيۈك شاھانە ئەسەرنىڭ قانچىلىك جاپا-مۇشەققەت بىلەن روياپقا چىققانلىقىنى، ئۇنىڭ نەقەدەر قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يېتەلمىگەنىدى. قىسقىسى، ئۇلار يېقىندىكى موللىنى قەدىرلىمەسلىك ئادىتى بويىچە ئاللاھنىڭ ئۆزلىرىگە ئاتا قىلغان كاتتا رەھمىتىنى تونۇپ يېتەلمىگەن ئىدى.

مۇھەممەد سالىھ داموللا ھاجىمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى ھېلىمۇ ئېسىمدىن چىقمايدۇ:

- مەن ئۈرۈمچىنىڭ كوچىلىرىدا ماڭسام مېنى ئانچە كۆپ ئادەم تونۇمايدۇ، سالام قىلىدىغانلار ئانچە كۆپ ئەمەس. ئەمما مىسىردا گېزىت-ژۇرنال، تېلېۋىزورلاردا سۈرەتلىرىم چىققان بولغاچقا، ھەممىلا كىشى ھەتتا كوچىدىكى باققاللارمۇ مېنى بىلىدۇ، بىر-بىرىگە ئىشارەت قىلىپ مېنى كۆرسىتىشىدۇ، ھۆرمەت بىلەن سالام قىلىشىدۇ.

يېقىندا زامانىمىزدىكى ئەڭ مول ھوسۇللۇق ئالىملىرىمىزنىڭ بىرى بولغان ئۇستاز

مۇھەممەد يۇسۇپ قارىھاجىمنىڭ «قۇرئان كەرىم ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى» ھەر قايسى جايلاردىكى ئۇيغۇر كىتابخانىلىرىنىڭ كۆركەم زىننىتى، پەخرى ھۆرمىتى سۈپىتىدە ئورۇن ئېلىپ، كەڭ كىتابخانلارغا مۇبارەك جامالىنى كۆرسىتە ـ كۆرسەتمەيلا ئەينى تېراگدىيە، كۆڭگەن خۇيىمىز ئىجتىمائى ئالاقە ۋاستىلىرىدا يەنە ئەكس ئېتىشكە باشلىدى.

«قوشنىسىنىڭ قوش كۆرۈنۈپتۇ» دېگەندەك، بىزدە ئۆزىمىزنىڭكىنى تۆۋەن كۆرۈپ، باشقىلارنىڭكىنى چوڭ كۆرۈۋالىدىغان، ئۆزىمىزنىڭكىدىن نومۇس، باشقىلارنىڭكىگە ھەۋەس قىلىدىغان، ھەمىدە قارىغۇلارچە تەقلىد قىلىدىغان خاراكتېر خېلىلا سالماقنى ئىگىلەيدىكەن.

بىلىشىمچە، ئەينى زامانلاردا يېزىدا ياشىغانلار ئۆز قەۋمىگە ئۇزۇن يىل كۆيۈنۈپ خىزمەت قىلغان، ئىلىم ۋە تەجرىبىسى يېتەرلىك بىر ئالىمنى شەھەردىن بىرەر ئاۋازى ئۇنلۇك، سۆزى راۋان دەۋەتچى كەلسە، ئۇنىڭ سالاھىيتى ۋە ئۆتمۈشى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆز ئالىمىنى تاشلاپ كۆزگە ئىلماي، ھاقارەت قىلىپ ئۇنىڭغا ئەل بولاتتى. يەنە بىر مەزگىلدىن كېيىن، باشقا بىر ماھىر دەۋەتچى كېلىپ يوكنى قىزارغۇچە دەبدەبىلىك سۆزلەرنى قىلىپ بەرسە، كونىسىدىن نەپرەتلىنىپ يېڭىسىغا يۈگۈرەيدىغان ئەھۋاللار ئومۇملىشىپ كەتكەن ئىدى.

شەھەردىكى بىر قىسىم كىشىلەر بولسا باشقا بىر شەھەردىن ناتونۇش، ئەمما سۆزگە ماھىر بىرى كېلىپ ھەيران قالارلىق بىر قېتىم نۇتۇق سۆزلىسە، ئۇنى ئىخلاسمەن، دىنى ۋە مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ھاياتىنى شام قىلىپ ياندۇرۇپ، باشقىلارغا يورۇقلۇق بېرىۋاتقان بۈيۈك ئالىمغا ئەگىشىپ ماڭغانلىقىغا نەچچە مىڭپۇشايمان قىلىشىپ يۈرەتتى .بىر مەزگىلدىن كېيىن يىراقتىن كەلگەن «داموللام» نىڭ ئەسلى سالاھىيتى ئاشكارىلانغاندا بولسا، ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى ھەقىقىي پېشۋاسىنى قەدىرلىمىگەنلىكىنىڭ ھەسرىتىنى چېكىپ ئاھ ئۇرۇشاتتى.

ئىنتېرنېت ئومۇملاشقان كېيىنكى كۈنلەردە ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ ھەممىدە ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆلىمالىرىنىڭ ۋىدىئولۇق، ئاۋازلىق دەۋەتلىرى قىرائەت پىلاستىنكىلىرى بىلەن تونۇشۇش دەۋرگە قەدەم قويدى.چەتئەلنىڭ كىتابلىرى بولسا ۋەتىنىنىڭ ھەر قايسى بولۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغىچە سەلدەك ئېقىپ كېلىشكە باشلىدى.

1949 ـ يىلدىن كېيىنكى ئوتتۇز يىل داۋاملاشقان دىن ـ مەدەنىيەتكە قارشى تۈرۈش ھەرىكەتلىرى، چەتئەل دەرۋازىلىرىنى تاقاش ۋە كىتاب ـ ماتېرىياللارنى كۆيدۈرۈش قاتارلىق تارىخى جىنايى ھەرىكەتلەر ئاخىرلاشقان 80 ـ بولۇپمۇ 90 ـ يىللاردىن كېيىنكى ئۇيغۇر جەمئىيىتى چەتئەللەردىن ئېقىپ كىرگەن كىتابلارغا نىسبەتەن ياخشى ـ يامانىنى پەرقلەندۈرۈپ ئولتۇرماستىن ئۇۋسىدىن قوزغىتىلغان ھەرىلەر تويىغا ئوخشاش ئاتلانغاندى.

كۆپ قىسىم دەرسخانىلاردا دەرسلىك كىتاب بىلەن پايدىلىنىش كىتابلىرىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

پەرقلەندۇرمەستىن، كىتاب ئىسمى ياكى مۇندەرىجىسىگە بىر قاراپلا ياخشى كىتاب ئىكەن دەپ ھەتتا ئۆزىمىزمۇ باشتىن ئاخىر كۆرۈپ باقمىغان كىتابنى تالىپلارغا بىر-بىرلەپ ۋاراقلاپ دەرسلىك قىلدىغان، يەنەبىر پىچىملىق كىتاب كەلسە ئۇ بۇرۇنقىدىن ياخشى ئىكەن دەپ كونىسىنى تاشلاپ، يېڭىسىنى دەرسلىك قىلدىغان تۇراقسىز، پروگراممىسىز مائارىپ ئەندىزىسى شەھەر-يېزىلاردا كەڭ ئومۇملاشقان ئىدى.

شۇ چاغلاردا دىنى ئون-سىن بۇيۇملىرىغىمۇ قارىغۇلارچە يوپۇرۇلۇش ئەھۋالى يۈز بەردى. سالاھىيتى نامەلۇم بولغان، ئۆزى ياشىغان دەۋر ياكى مۇھتىقا قارىتا سۆزلەنگەن تەبلىغلەرنى ئۇدۇللا ئۆز ھالىمىزغا ئۇيغۇنلاشتۇرماقچى بولۇپ، خىيالىي دۇنيادا ياشاپ، رېئاللىقىمىزغا قانداق تەدبىقلاشنى بىلمەي، نۇرغۇنلىغان تولدۇرغۇسىز زىيانلارنى تارتتۇق. چەتئەللەردە ئاللىقاچان چۆرۈپ تاشلانغان پىكىرلەر ۋەتىنىمىزدە ئىلغار پىكىر ھېسابلىنىپ، بۇ خىل پىكىرلەرنى مىڭىسىگە قاچىلىۋالغانلار ئۆزلىرىنى ئەڭ ئىلغار، مىللەتسۆيەر، دىنسۆيەر، ئۇممەتسۆيەرلەردىن ھېسابلاپ، قاناتلىرىنى يايغان تۈزدەك پاخپىيىپ، بويۇنلىرىنى غادايتىپ، گېلىنى قىرىپ، باشقا ئەل مۇسۇلمانلىرى مۇسۇلمان ئەمەسلەرنى مۇسۇلمان قىلالماي ئاۋارە بولۇۋاتسا ئۇلار لوپپا ئەينەك بىلەن مۇسۇلمانلار ئىچىدىن كاپىر ئىزدەپ يۈرگەن كۆرۈنۈشلەر مودا بولدى.

بىز ۋەتەندىكى چاغلاردا ئەۋلىيادەك بىلگەن بىر قىسىم چەتئەل ئالىملىرى ۋە يازغۇچىلىرى چەتئەلگە چىقىپ كۆزەتكەندىن كېيىن، ئەمەلىيەتتە بىزنىڭ تەسەۋۋۇرىمىزدىن بەكلا تۆۋەن، ئېتىبارسىز، ھەتتا بەزىلىرىنىڭ ئۆلىمالار سېپىغا تىزىلىش سالاھىيىتىنىڭ يوق تاشلاندۇق پىكىرلەر ئىگىسى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتۇق. ئۇلارنىڭ بىز ئەتىۋارلاپ ھېچنىمىگە تەڭ قىلمىغان كىتابلىرى كىتاپخانا جازىلىرىدىنمۇ ئورۇن ئالالمىغان، ئالىملارنىڭ ئېتىراپىغا ئېرىشەلمىگەن كىتابلار ئىكەنلىكىنى بىلدۇق. ئۇلاردىن چىققان پەتىۋا-ھۆكۈملەرنىڭ بەلگىلىك دۆلەت ۋە رايون چەكلىمىسى، ھاكىمىيەت بېسىمى، سىرلىق كۈچ قاتارلىقلاردىن خالىي ئەمەس ئىكەنلىكىنى بىلگىنىمىزدە، پىشانىمىزدىن سوغۇقتەر ئېقىشقا باشلىدى.

توغرا، ئىلىم ۋە ئۇنىڭ ئۇسلۇبلىرى تەرەققىي قىلىۋاتقان، پىكىرلەر ئۈزلۈكسىز يېڭىلىنىۋاتقان بۈگۈنكى دەۋردە، كۆز-قۇلاقلىرىمىزنى ئېتىۋېتىپ، قاتمال ۋە مۇتەئەسسىپلىك ماقامىدا تۇرۇۋېلىش مىللەتنى نادانلىقتا قالدۇرۇش، يوقىلىش گىردابىغا ئېلىپ بارغانلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس. چۈنكى ئۈزلۈكسىز ئۆزىنى يېڭىلاپ تۇرمىغان، ئىلغار پىكىر بىلەن قوراللىنىپ، دەۋرنىڭ چاقى بىلەن ماس قەدەمدە تەڭ ئىلگىرىلىمىگەن شەخس ياكى مىللەت ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تارىخ سەھنىسىدىن سۈپۈرۈپ تاشلىنىدۇ. ئەمما مىڭ يىلدىن ئارتۇق ۋاقتتىن بېرى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن، مەدەنىيەتلىك، شانلىق تارىخقا ۋە مىللىي ئۆرپ-ئادەتكە ئىگە ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ باشقا مىللەت ئالىملىرى ۋە ھەر بىر يېڭىلىقلىرىدىن تالاپ پايدىلىنىش ئەمەس، بەلكى پۈتۈنلەي چوقۇنۇپ ئۆز تىزگىنىنى ئۇلارغا تۇتقۇزۇپ قويۇشى ئەسلا توغرا بولمىغان، زىيانلىق

ھەتتا ھالاكەتكە سۆرەيدىغان ئامىللارنىڭ بىرىدۇر.

بۈگۈنكى دۇنيادا ئۆز تارىخىنى ياخشى بىلىدىغان، ئۆز قەۋمى بىلەن پەخىرلىنىدىغان ئەۋلادلارنى يېتىشتۈرۈپ، ئۇلارنى تارىختىكى شانلىق، مۇۋەپپەقىيەتلىك سەھىپىلەر بىلەن تونۇشتۇرۇپ ئۆزلىرىنى قەدىرلەش روھى بىلەن خەلقىنى جانلاندۇرۇپ كېلىۋاتقان مىللەتلەر كۈندىن-كۈنگە روناق تېپىپ، تەرەققىياتنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە يامىشىۋاتىدۇ. مېنىڭچە، تۈركىيە خەلقى بۇ جەھەتتە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرۇشى مۇمكىن دەپ ئويلايمەن.

مەلۇم بولۇشىچە، ئۇلار باشقا مىللەت ئالىملىرىنى ھۆرمەتلەيدىكەن ئەمما چوقۇنۇپ كەتمەيدىكەن، پايدىلىنىدىكەن، ئەمما قارىغۇلارچە ئەگىشىپ كەتمەيدىكەن، قابىلىيەت ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈشكە پۈتۈن كۈچى بىلەن ئەھمىيەت بېرىدىكەن، ئۆز مەسىلىلىرىنى ئۆزلىرى ھەل قىلىدىكەن، پۈتۈن دىنى كىتابلار تەرجىمە قىلىنغان ھەتتا مەكتەپلەردىكى دىنى دەرسلىك كىتابلارمۇ تۈركچە تۈزۈلگەن بولۇپ، ئەرەبچە بىلمەيدىغان ھەر قانداق كىشىنىڭمۇ ئەرەبچىگە موھتاج بولماستىن، دىنىنىڭ پۈتۈن ھۆكۈم ۋە مەسىلىلىرى بىلەن تونۇشۇپ چىقىش ئىمكانىيىتى بارلىققا كەلگەن. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ۋەتىنىنى، دىنىنى، تىلىنى، بايرىقىنى ۋە تارىخىنى قوغداشقا، شۇنداقلا ئىلىم-بىلىم، قابىلىيەت ئىگىلىرىنى ھىمايە قىلىشقا بەكمۇ ئەھمىيەت بېرىدىكەن، ئۆز مەسىلىلىرىنى ئۆز ئالىملىرى، دانىشمەنلىرى بىلەن ھەل قىلىدىكەن.

بىز مەيتۈن بولۇۋاتقان ئەرەب ئالىملىرىدىنمۇ ۋەتىنىمىزگە ئالاقىدار بىر قىسىم مۇھىم مەسىلىلەر سورالغاندا، ئۇلار ئۆزۈڭلارنىڭ ئالىملىرىدىن سوراڭلار، بۇنداق مەسىلىلەرنى شۇ يەردە ياشىغانلار ئەڭ ياخشى بىلىدۇ دەپ جاۋاب بېرىدىكەن.

دېمىسىمۇ شەرىئەتتىكى بىر قىسىم تۇراقلىق ھۆكۈملەردىن باشقىلىرى مۇسۇلمانلار ياشىغان دەۋر، مۇھىت، ئۆرپ - ئادەت، ھۆرلۈك-قۇللۇق قاتارلىق تۈرلۈك ئامىللارنىڭ ئۆزگىرىشىگە قاراپ ئۆزگىرەيدۇ. بۇنداق چاغدا شۇ رايۇننىڭ ئالىملىرى ئىجتىھات قانۇنىيەتلىرىگە رىئايە قىلغان ھالدا پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىجتىھات قىلىپ، ھۆكۈمنى شۇ رايۇن مۇسۇلمانلىرىغا تەتبىقلايدۇ. بۇ خىل تىپتىكى ھۆكۈملەرمۇ ئوخشاشلا شەرىئەت ھۆكمى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭغا ئەمەل قىلغانلارمۇ شەرىئەتكە ئەمەل قىلغان بولىدۇ.

ۋەتەنىنىڭ قەدرىنى ۋەتەندىن ئايرىلىپ ھېس قىلدۇق، پۇلنىڭ قەدرىنى ئۇنىڭدىن قۇرۇقدالغاندا تونۇپ يەتتۇق. لىدىرلىرىمىزنى شېھىت قىلىنغان ياكى ۋاپات بولغاندىن كېيىن ماختىدۇق، ئاتا-ئانىمىزنىڭ قەدرىنى ئۇلارنى كۆرەلمەيدىغان بولغاندا ئاندىن ھېس قىلىپ يەتتۇق، ئالىملىرىمىزنىمۇ ھاياتىدا تىللاپ، كەلمەسكە كەتكەندىن كېيىنلا قەدرىنى بىلىپ، ھەسرەت بىلەن مەدھىيە-سانا ۋە شېئىر-قەسىدىلەرنى ئوقۇپ كەلدۇق.

ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن ۋەتەندە قالغان ئۆلىمالارنىڭ بىر قىسمىلىرى ئۆلۈپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرلىككە كەلگەن ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئەتكەن ياكى قەستلەپ ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن، يەنە بىر قىسىملىرى تۈرمە ـ لاگېرلاردا دەھشەتلىك قىيىن كۈنلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈۋاتقان بۇ مەزگىللەردە، ۋەتەن ئۆلىمالىرىدىن بىر قىسمى ئاللاھنىڭ چەتئەلدىكى ئۇيغۇر مۇھاجىرلىرىغا بولغان رەھمىتى بىلەن ھىجرەت زېمىنلىرىدا ياشاۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار خەلقنىڭ يېتەرلىك قوللىشىغا، ھىمايىسىگە ئېرىشىشنىڭ ئورنىغا ئەيىبلىنىش، كۆزگە ئىلىنماسلىق، ئېتىبارسىزلاشتۇرۇش، تۆھمەت، بۆھتان ۋە ھاقارەت ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قالماقتا.

ئۆلىمالارنى خارلىغانلىق ماھىيەتتە دىننى خارلىغانلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەستۇر، چۈنكى دىن مۇسۇلمانلار ئارقىلىق، مۇسۇلمانلار ئۆلىمالار ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى تامامەن نامايان قىلىپ، ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا ئۈزچىل داۋاملىشالايدۇ.

ناۋادا چەتئەللەردە، باشقا مىللەت ئۆلىمالىرىدا شۇنچىۋالا ئېغىر بېسىم، خەۋپ ـ خەتەر ئاستىدا ئەمەس بەلكى ئەركىن مۇھىت، بىخەتەر شارائىت ئىچىدە ئۇلاردەك پىداكارانە، ئىخلاس روھى بىلەن خىزمەت قىلىدىغان ئالىملار بولۇپ قالسا، كىشىلەر ئۇلارنىڭ پۇتىنى يەرگە تەگكۈزمەستىن باشلىرىغا ئېلىپ كۆتۈرگەن بولاتتى، ئەڭ چوڭ غوجىلىرى قىلىۋالغان بولاتتى، تەۋەررۇك بىلىپ قوللىرىنى سۆيۈۋېلىش ئۈچۈن ئۆچىرەت بىلەن تىزىلغان بولاتتى. ئەپسۇسكى، بىز قولىدا گۆھەر تۇرسا تاش ئىزدەۋاتقان ئەخمەقلەرگە ئوخشاپ قېلىۋاتىمىز. ئادىتىمىز بويىچە، ھەر دائىم نېمەتنى كىچىككىپ، بەكمۇ كېچىككىپ ھېس قىلىمىز.

دۇنيادىكى ھەممە مىللەتنىڭ تارىخلىرىدا شۇنداقلا ياشاۋاتقان دەۋرىدە ئېتىخارلىنىدىغان، نەمۇنە قىلىدىغان، ئېغىزدىن ئېغىزغا تەگمەي ماختىشىدىغان، ياش ـ ئۆسمۈرلەرنى ئۇلارنىڭ روھى بىلەن تەربىيىلەيدىغان مەشھۇر شەخسلىرى، ئۇلۇغ ئالىملىرى بولىدۇ. ئەلۋەتتە، ئۇلارمۇ ئىنسان بولغانلىقى ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان خاتالىقلىرى، ئەيىب ـ قۇسۇرلىرى بولىدۇ. بىراق ئۇلار مىللەتنىڭ ياش ـ ئۆسمۈرلىرنى تەربىيەلەش ئۈچۈن ئۆز ئىچىدىن ھايات ئۆلگە، يارقىن نەمۇنە چىقىرىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتكەن بولغاچقا ئۆز مەشھۇرلىرىنىڭ ئېچىلىپ قالغان يەرلىرىنى يۆگەپ، كۆرۈمسىز يەرلىرىنى پەردازلاپ ئۇلارنى ئەۋلادلارنىڭ ئۆگىنىش ئۆلگىسى قىلىپ قۇرۇپ چىقىدۇ. چۈنكى ئۇلار بىر مىللەت ئىچىدە ئەۋلاد يېتىشتۈرۈشتە بۇ نۇقتىنىڭ بەكمۇ مۇھىم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يەتكەن. بۇلار ئۈچۈن مىساللار بەك كۆپ.

ئەمما بىزچۇ؟ بىز ھەر دائىم ئۆلىمالىرىمىزنىڭ، مەشھۇرلىرىمىزنىڭ يوشۇرۇلۇپ قالغان ئەيىبلىرىنى ئاچىمىز، يەنە تاپالمىساق مەخسۇس كوچىلايمىز، يەنە تاپالمىساق بۆھتان قىلىمىز، سېسىتىمىز، يېڭىدىن باش چىقسا ئۇنى كېسىپ تاشلاشقا ئۇرۇنىمىز، كېسەلمىسەك تۆھمەت ـ بۆھتانلارنى قار ـ يامغۇردەك ياغدۇرۇۋېتىمىز. بىزدە بىرەر ئالىمنىڭ يېتىشىپ چىقىشى، چىقسىمۇ ئېتىراپ قىلىنىشى بەكمۇ تەسكە توختايدۇ ياكى ئېتىراپ قىلسىمۇ قېرىپ ئۆلۈمگە يېقىنلاشقاندا، قولىدىن ئىش كەلمەس بولۇپ

قالغاندا ۋە ياكى كۆپ ھاللاردا ئۆلۈپ كەتكەندە پۇشايمان بىلەن ئېتىراپ قىلىمىز. ئەمما يەنە ئىبرەت ئېلىپ ھاياتلارنى قەدىرلىمەيمىز.

شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بىز 1000 يىلدىن ئاشقان ئىسلام تارىخىمىزدا پەخرلىنىپ تىلغا ئالغۇدەك ۋەكىل خاراكتېرلىك خەلقئارالىق ئۆلىمالاردىن مەھمۇت قەشقەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپتىن باشقىسىنى ناخشىمىزغا قاتالمىدۇق. ئومۇمي سانىمىزغا نىسبەتەن چىقارغان ئالىملىرىمىز بەكمۇ ئاز بولدى. ئۇلارنىڭ يېتىشىپ چىقىشىغا، تونۇلۇپ خىزمەت قىلىشىغا ئىمكان بەرمىدۇق، ئۇلارغىمۇ ھايات ۋاقتىدا كۆرسەتمىگەن كۈنىمىز قالمىدى. نۇرغۇن تۆھپىكارلىرىمىز بار ئىدى، ئەمما تۆھمەت قىلدۇق، يىقتتۇق، تۈرمىگە سولاتتۇق، بېشىنى كەستۇق، پىچاقلىدۇق، قىلمىغانلىرىمىز قالمىدى.

باشقا مىللەتتە ئوقۇپ مەدرىسە پۈتتۈرۈپ ئالىم بولغانلار ياكى ئۇنىۋېرسىتېتلارنى تۈگىتىپ باكلاۋۇر، ماگىستىر، دوكتور، پروفېسسور بولغانلار تەييار خىزمەت، يۇقىرى مەنسەپ، يۈكسەك ئابروي، پاراۋان تۇرمۇش ئۈستىگىلا قونۇپلا چۈشىدۇ ۋە ئالدىن شۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ، دۆلىتى تەرىپىدىن ياردەم بېرىلىدۇ ھەم كۆپىنچە باشتىلا شۇنداق ھازىرلانغان بولىدۇ.

ئەمما بىزدە ئالىم بولغانلار ئوقۇش باشلىغاندىن باشلاپلا مائاشلىق تەييار خىزمەت، مەنسەپ ـ مەرتىۋە ئۈيااقتا تۇرسۇن، ۋەتەندىكى چاغلاردا، ئىخلاس بىلەن قەدەم ئېلىپ، ئالدىغا كەلمەكچى بولغان پىتنە ـ پاسات، قۇرۇق تۆھمەت، دەككە ـ دۈككە ئىچىدە قىلىدىغان يوشۇرۇن خىزمەت، تۈرمە قاتارلىقلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ بولۇپ يولنى باشلىغان بولىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق ئېغىر كۈنلەر ئۇلارنى كۈتۈۋالىدۇ.

چەتئەللەردە بولسا نادانلارنىڭ تىل ـ ئاھانىتى، بوھتان ـ تۆھمىتى، گىنە ـ ئاداۋىتى قاتارلىقلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ قويۇپ ئوقۇيدۇ، ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق كۈنلەر ئۈيلىغىنىدىنمۇ بەكرەك رەھىمسىز ھالەتتە ئالدىغا كېلىدۇ. ئۇلار قوللاشقا ئېرىشەلمىسىمۇ تىل ـ ئاھانەت ۋە تۆھمەتكە قالمىسىلا شۇنىڭغا رازى بولىدىغان ھالدا بىچارە. لېكىن شۇنداقتىمۇ ئۇلار سۆيگەن دىنى ئۈچۈن، نادان مىللىتىنىڭ ئىسلاھاتى ئۈچۈن تىنىمسىز ھالدا ئوقۇيدۇ، ئالىم بولۇپ يېتىشىپ چىقىدۇ. ئالىم بولغانلىرى بولسا تىنىمسىز ھالدا دىنىم، مىللىتىم دەپ ئاھ ئۇرۇپ خىزمەت قىلىدۇ. ئەمما، ئەپسۇس، تولىمۇ ئەپسۇس، بىز ئۇز ئالىملىرىمىزنىڭ قىممىتىنى بىلمەيمىز، تارىخىمىزدىكى مەھمۇت قەشقەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەھمەد يۈكنەكى، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر قاتارلىق مەشھۇرلىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرى تۈرك دۆلەتلىرىدە ئالقىشلىنىپ، ھەتتا مەكتەپلەردە دەرسلىك كىتابلاردا بايان قىلىنىدۇ. قىممەتلىك تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئەمما بىز ئۇلارنىڭ كىتابلىرىنى قولىمىزغا ئېلىپمۇ قويمايمىز.

بىزگە ئالىملىرىمىز نۇرغۇنلىغان ۋاقتىنى، قان ـ تەرىنى سەرپ قىلىپ، قىممەت

تۇنيۇقۇر كىتاب تورىبېتى
تۇنيۇقۇر كىتابلىرىنىڭ پىكى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

باھالىق ئەسەرلەرنى قالدۇرۇپ قويسا قەدىرلەشنى بىلمەيمىز.

مىسال سۈپىتىدە شاھانە بىر ئەسەرنىڭ غايىپلىق سەرگۈزەشتىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى مۇۋاپىق كۆردۈم.

«ئىغىزدىن ئىغىزغا تەگمەي پەخىرلىنىپ ماختاۋاتقان شاھانە ئەسەر ««تۈركىي تىللار دىۋانى» نى پۈتۈپ بولغاندىن كېيىنلا مەھمۇد قەشقەرى ئاباسىيلار سۇلالىسىنىڭ 27-خەلىپىسى مۇقتەدى بىللاھقا تەقدىم قىلىدۇ.

شۇ يىللاردىكى ئۇرۇشتا خەلىپە مۇقتەدىنىڭ ئوردىسى ۋە ئوردا كۇتۇپخانىسىدىكى نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك كىتابلارمۇ كۆيۈپ كەتكەن بولۇپ، ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدا ئوردىدىكىلەر ئۆز جانلىرىنى ساقلاپ قېلىشنىڭ ئامالىنى قىلىشىۋاتقاندا، مۇقتەدىنىڭ ئوردىسىدا تەلىم ئېلىۋاتقان نامەلۇم بىر تالىبە ۋەيران بولۇپ كېتىۋاتقان ئوردا كۇتۇپخانىسى ئىچىدىن «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى قۇتقۇزۇۋالىدۇ ۋە كېيىنكى كۈنلەردە ئاباسىيلار سۇلالىسىنىڭ 34-ۋارىسى خەلىپە ئەل ناسىرغا ھەدىيە قىلىدۇ. بۇ مىلادىيە 1225-يىللىرىغا توغرا كېلەتتى.

خرىستىئانلاردىن تەشكىللەنگەن ئەھلى سەلىب (كرېست قوشۇن) ئىككىنچى قېتىم شەرققە يۈرۈش قىلىپ، ئەرەب زېمىنلىرىنى يەنە بىر قېتىم خانىۋەيرانچىلىققا دۇچار قىلىدۇ. ئاشۇ مالىمانچىلىقتا «تۈركىي تىللار دىۋانى» يەنە بىر قېتىم دېڭىزغا تاش چۆككەندەك يەر يۈزىدىن غايىب بولۇپ كېتىدۇ. ئالتە ئەسىر ئۆتۈپ كەتكۈچە بۇ كىتابنىڭ ئىز-دېرىكىمۇ بولمايدۇ. كىشىلەر قەدىمكى كىتاب خاتىرىلىرىدىن مەھمۇد قەشقەرى ئىسىملىك بىر تۈرك ئالىمنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق بىر مەشھۇر ئەسەر يازغانلىقىنى بىلىشىدۇ. ئەمما، ھېچكىممۇ بۇنداق كىتابنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈش ئارزۇسىغا يېتەلمەيدۇ.

بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە تۈركىينىڭ ئىستانبۇل شەھىرى ئېغىر بومباردىمانغا ئۇچرايدۇ. بىر پاي زەمبىرەك ئوقى ئاقسۆڭەك دىيار بەكرى جەمەتىدىن بولغان بىر كىتابپۇرۇشنىڭ ئۆگزىسىدە پارتلاپ، ئۆلارنىڭ ئەل ئەمىر نامدىكى مەشھۇر كۇتۇپخانىسىنى ۋەيران قىلىۋېتىدۇ. كىشىلەر كىتاب دۆۋىلىرى ئارىسىدىن ئۆزلىرى كۆرۈپ چۈشىنەلمەيدىغان، ئەمما ئىنتايىن نەپىس ئىشلەنگەن بىر دىۋاننى بايقاپ قالىدۇ. بۇ ئەسلىدە «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ شۇ كەمگىچە ساقلىنىپ قالغان بىردىنبىر نۇسخىسى بولۇپ، ئوسمان تۈرك ئىمپېرىيەسىنىڭ ۋەزىرلىرىدىن بىرى بولغان نازىپ بىينىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتىدىن بولغان بىر ئايال ئائىلىسىدە ئۇزاق يىل تەۋەررۈك سۈپىتىدە ساقلاپ، كېيىنچە تۇرمۇش ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن دىيار بەكرى جەمەتىنىڭ ئەل ئەمىر كۇتۇپخانىسىغا رەنىگە قويغان قولىيازما نۇسخىسى ئىدى. ئەل ئەمىر كۇتۇپخانىسىنىڭ ۋەيران بولغانلىقىنى ئاڭلىغان مەشھۇر تىلشۇناس كىل سىلى رىفئەت ئەپەندى دەرھال كۇتۇپخانىغا كېلىپ (ھىجرىيە 1335-يىلى، مىلادىيە

1914-يىلى) بۇ كىتابنى باشقىلاردىن سېپتۇالدۇ. ئۇ ئۈچ يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ بۇ تەتقىقاتنى ئېلىپ بېرىپ، 1917-يىلى ئوسمانلى بويىچە ئىستانبۇلدا مەخپىي مەتبەئەدە نەشىر قىلدۇردى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ كىتاب دۇنيادىكى ھەر مىللەت تۈركولوگلارنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىشقا باشلايدۇ» [1].

«تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ كەچۈرمىشلىرىدىن شۇنى ھېس قىلالايمىزكى بىز ئۆز ئالىملىرىمىزنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ بىباھا ئەسەرلىرىنىڭ قىممىتىنى ئۆزىمىز قىلالمىدۇق، ناۋادا «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «قۇتادغۇ بىلىك» قاتارلىق گۆھەرلىرىمىزنى باشقا مىللەتتىكىلەر ساقلاپ، قوغداپ، تەتقىق قىلىپ دۇنياغا تونۇتۇپ بەرمىگەن بولسا بىز تارىخىمىزدىكى نىملەر ۋە كىملەر بىلەن پەخىرلىنەر ئىدۇق؟!

ئەزىز قېرىنداشلىرىم، ئۆلىمالارغا ھۆرمەت قىلايلى! ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى قەدىرلەيلى! ئۆلىمالار-بىر مىللەتنىڭ بىباھا بايلىقى، كەلگۈسى ئۈمىدى، نۇرلۇق قۇياشى، ھىدايەت يۇلتۇزى، بەخت سائادىتى، پەخىرى - شاراپىتى، ئىستىقبال كاپالىتى، مۇستەقىللىق بېشارىتى دېمەكتۇر.

سەممىزدە بولسۇنكى، بۈگۈنكىدەك دىنىي ئىلىم كەمسىتىلىۋاتقان، جەمئىيەتنىڭ پاساتچىلىقى تۈپەيلىدىن ئىلىمنىڭ بەرىكىتى كۆتۈرۈلۈپ، دىنىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى ئازايغان، ھەممەت كەمەرلىرى بوشاپ قالغان بىر زاماندا، بۇنىڭدىن كېيىن ئىلىمدا پىشقان نۆۋەتتىكىدەك قەلەمدە پىشقان دىنىي يازغۇچىلار، تەجرىبىلىك مۇدەررىسلەر، ئەل ئېتىراپ قىلغان ئۆلىمالارنىڭ مەيدانغا كېلىشى، ئەپسۇس، بەكمۇ يىراقتا كۆرۈنۈۋاتىدۇ. ئەمما ئاللاھدىن ئۈمىدىمىزنى ئۈزمەيمىز، تىرىشچانلىقنى توختاتمايمىز.

«يىراقتىكى موللا داموللا، يېقىندىكى موللا بار موللا» دېگەندەك، باشقىلارنىڭ بەك چوڭ كۆرۈنۈپ كېتىپ، ئۇلارغا چوقۇنۇپ، ئۆزىمىزنىڭ ئۆلىمالىرىمىزنى كىچىك سانىمايلى. مىللەتنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى قاندۇرۇشتا تەقۋالىقنى ساقلاپ قېلىشتا، دىنىنىڭ چەك-چېگرالىرىنى قوغداشتا، خەلق ئارىسىغا چۆكۈپ خىزمەت قىلىشتا، ئىسلامى جامائەت بەرپا قىلىشتا ئۇلارنىڭ پەۋقۇلئاددە رولى بار. ئۇلاردىن ئايرىلغاندا ئۇلارنىڭ ئورنىنى باشقىلارنىڭ تولدۇرالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىمىز، ئەمما بەكمۇ كېچىككەن بولىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنى ھايات ۋاقتىدا قوللايلى، قەدىرلەيلى، ئۆزىمىزنىڭ ئۆلىمالىرىمىزنى ئۆزىمىز قەدىرلىمىسەك، باشقىلار ھەرگىز ئۇلارنى قەدىرلەپبەرمەيدۇ.

بىلىپ قويايلىكى، ئۆلىمالارنىڭ خارلىنىشى دىنىنىڭ خارلىنىشى، ئۇلارنىڭ يوقىلىشى بولسا مىللەتنىڭ زاۋاللىقى دېمەكتۇر.

بۇ ماقالىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابدۇرېھىم دۆلەت

[1] يولۋاس مۇھەممەتئىمىننىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ۋە «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ كەچۈرمىشلىرى ناملىق ماقالىسىدىن قىسقارتىپ ئېلىندى.



# ۋاپادارلىق

ئابدۇلئەھەد ھاپىز

بىزنىڭ مۇقەددەس دىنىمىز ھەر نەرسىگە ئۆزىگە خاس قىممەت بېرىدىغان دىندۇر. يەنە بىر مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئۇ ئىنسانپەرۋەرلىك دىنىدۇر، چۈنكى ئۇ ئۆزئارا ياخشىلىققا ۋە ياخشى ئىش قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. بۇ ھەقتە جانابى ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە ﴿وَافْعَلُوا الْخَيْرَ﴾ «ياخشى ئىش قىلىڭلار» [1]، ﴿فَاسْتَبِقُوا الْخَيْرَاتِ﴾ «ياخشى ئىشلاردا بەسلىشىڭلار» [2] دەيدۇ. شۇڭلاشقا دىنىمىز يەنە ياخشىلىق قىلغۇچىنىڭ ياخشىلىقىنى قەدىرلەشنى ۋە ئۇنىڭغا ۋاپادار بولۇشنى تەكىتلەيدۇ. چۈنكى بىر جەمئىيەت ئەزالىرى ئۆزئارا بىر-بىرىگە ۋاپادار ۋە كۆيۈمچان بولغاندا، ئاندىن ئۇ جەمئىيەتتە دوستلۇق ۋە قېرىنداشلىق روھى كۈچلىنىدۇ؛ تىنچلىق-ئامانلىق ھۆكۈم سۈرىدۇ، دۆلەت روناق تاپىدۇ، دۈشمەن غالىپ كېلەلمەيدۇ. ۋاپادارلىق ئالىيجاناب كىشىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىدۇر.

ۋاپادارلىقنىڭ مەنىسى:

ئەمدى ۋاپادار بولۇشنىڭ مەنىسىگە كەلسەك، «ۋەفا» سۆزى ئەرەپچە بولۇپ، لۇغەتتە ئۇ: تولۇق ئېلىش ۋە تولۇق بېرىش دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ. «ۋاپا» نىڭ دىنىمىزدىكى مەنىسى: ئاللاھقا ۋە ئىنسانلارغا بەرگەن ئەھدۇپەيمانىدا چىڭ تۇرۇش، ئامانەتنى تولۇق ئادا قىلىش، ياخشىلىققا ياخشىلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇش ۋە دوستلىرىغا سادىق بولۇش دېگەنلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىمام غەزالى: «ۋاپادارلىق قېرىندىشىنى ئۆلۈمىگىچە سۆيۈش ۋە ئۇ ئۆلگەندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ ئەھلى-ئەۋلاد ۋە

[1] ھەج سۈرىسى: 77-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] مائىدە سۈرىسى: 84-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

دوست ـ يارانلىرنى سۆيۈش» دېگەن.

ۋاپادار بولۇش دېگەنلىك، ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىش، ئىنسانلارغا رەھمەت ۋە تەشەككۈر ئېيتىش بىلەن ئۇلارنىڭ قىلغان ياخشىلىقنى ئۇنتۇماسلىقتۇر. سىزگە بىراۋ مەيلى كۆپ مەيلى ئاز بىرەر ياخشىلىق قىلسا، ئۇنىڭ ياخشىلىقنى ھەرگىز ئۇنتۇماسلىقىڭىز، ياخشىلىق قىلغۇچىغا قولۇڭىدىن كېلىشىچە ياخشىلىق قىلىشىڭىز ۋاپادارلىقتۇر.

ۋاپادارلىق گۈزەل ئەخلاق ۋە پەزىلەتلەرنىڭ ئاساسىدۇر. ھايات ئۇنىڭ بىلەن توغرا يولدا داۋام قىلىدۇ؛ كىشىلەرنىڭ ۋە مىللەتلەرنىڭ پەزىلىتى ـ ئالىيجانابلىقى ئۇنىڭ بىلەن ئۆلچىنىدۇ. ياخشى بىلەن يامان، مۆئمىن بىلەن مۇناپىق ئۇنىڭ بىلەن مەلۇم بولىدۇ.

ۋاپادارلىق ئالىيجاناب كىشىلەرنىڭ خىسلىتى. ئىنسانلار قانچىلىك ۋاپادار بولسا، شۇنچىلىك بەختىيار بولىدۇ.

ۋاپادارلىق ـ ۋاپادارلىق قىلىنغۇچى كىشىنىڭ قەلبىدە سۆيۈنۈش ۋە مىننەتدارلىق تۇيغۇسى پەيدا قىلسا، ۋاپادارلىق قىلغان كىشىنىڭ قەلبىدە خۇشاللىق، ئالىيجانابلىق ۋە تېخىمۇ كۆپ ياخشىلىق قىلىش قىزغىنلىقى پەيدا قىلىدۇ.

ۋاپادارلىقنىڭ ئىسلامدىكى ئورنى:

1- ۋاپادارلىق ئاللاھنىڭ سۈپىتى.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە ئۆزىنى ۋاپادارلىق بىلەن سۈپەتلەپ مۇنداق دېگەن: ﴿وَمَنْ أَوْفَى بِعَهْدِهِ مِنَ اللَّهِ﴾ «ئاللاھتىنمۇ بەك ئەھدىگە ۋاپا قىلىدىغان كىم بار؟!» [1] ئاللاھ تائالادىنمۇ بەك ۋاپادار ھېچكىم يوق، ئەڭ ۋاپادار بولغان ئاللاھ، دېگەن بولىدۇ. ﴿وَعْدَ اللَّهِ لَا يُخْلِفُ اللَّهُ وَعْدَهُ وَلَكِنَّ أَكْثَرَ النَّاسِ لَا يَعْلَمُونَ﴾ «بۇ ئاللاھنىڭ ۋەدىسى، ئاللاھ ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ. لېكىن ئىنسانلارنىڭ كۆپى بۇنى بىلمەيدۇ» [2]. ئاللاھ تائالا مەيلى ياخشى مەيلى يامان، مەيلى مۇسۇلمان مەيلى كاپىر ھەممە كىشىنىڭ ھەققىنى كەم ـ كۈتىسىز بېرىدۇ. ھېچكىمگە قىلچىلىك زۇلۇم ـ ناھەقچىلىك قىلمايدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ثُمَّ تُوَفَّى كُلُّ نَفْسٍ مَا كَسَبَتْ وَهُمْ لَا يُظْلَمُونَ﴾ «ئاندىن ھەربىر كىشىگە ئىشلىگىنىنىڭ بەدىلى تولۇق بېرىلىدۇ، ئۇلار ناھەقچىلىككە ئۇچرىمايدۇ» [3]. بۇ ھەقتە نۇرغۇن ئايەتلەر بار.

2- ۋاپادارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ سۈپىتى.

بارلىق پەيغەمبەرلەر ۋاپادارلىقتا ئۈممىتىگە ئۈلگە بولغان. ئاللاھ تائالا ھەزرىتى

[1] تەۋبە سۈرىسى» 111 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] رۇم سۈرىسى 6 ـ ئايەت.
[3] بەقەرە سۈرىسى: 182 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىكى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ھەققىدە مۇنداق دېگەن: ﴿وَإِبْرَاهِيمَ الَّذِي وَفَّى﴾ «ئىبراھىم ۋاپادار كىشى ئىدى».[1] ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام ھەققىدە مۇنداق دېگەن: ﴿وَاذْكُرْ فِي الْكِتَابِ إِسْمَاعِيلَ إِنَّهُ كَانَ صَادِقَ الْوَعْدِ وَكَانَ رَسُولًا نَبِيًّا﴾ «بۇ قۇرئاندا ئىسمائىلنىمۇ ئەسلىگىن، ئۇ ھەقىقەتەن ۋەدىسىدە راستچىل، ھەم رەسۇل، ھەم پەيغەمبەر ئىدى».[2]

ۋاپادارلىقتا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەڭ يۇقىرى سەۋىيەدە ئىدى. ئۇ ئەھدىگە ۋە ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىشقا ناھايىتى قاتتىق ئەھمىيەت بېرەتتى. كاپىرلار بىلەن تۈزۈشكەن ئەھدە-كېلىشىملەرگە زىيان يېتىدىغان ئىش بولسىمۇ ھەرگىز خىلاپلىق قىلمايتتى. سەھىھ مۇسلىمدە مۇنداق كەلگەن: ھۇزەيفە ئىبنى يەمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دادىسى بىلەن مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىش ئۈچۈن يولغا چىققاندا، مەككىنىڭ مۇشرىكلىرى ئۇلارنى تۇتۇۋېلىپ، سىلەر مۇھەممەدنىڭ يېنىغا كېتىۋاتىسىلەر، دېگەن. بۇ ئىككىسى: بىز مۇھەممەدنىڭ يېنىغا بارمايمىز، بىز پەقەت مەدىنىگە بارىمىز، دېگەندە، مۇشرىكلار: ئەگەر مەدىنىدە مۇھەممەدكە قوشۇلۇپ ئۇرۇشقا قاتناشماسلىقىقا ۋەدە بەرسەڭلار قويۇپ بېرىمىز، دېگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئەھدە بېرىپ مۇشرىكلارنىڭ قولىدىن قۇتۇلۇپ مەدىنىگە كەلگەن. ئۇ چاغدا رەسۇلۇللاھ بەدىر غازىتىغا ئاتلانغان ئىدى، ئۇلار رەسۇلۇللاھ بىلەن كۆرۈشۈپ ئەھۋالنى بايان قىلغاندىن كېيىن، رەسۇلۇللاھ بىلەن غازاتقا ماڭغاندا، رەسۇلۇللاھ: «سىلەر قايتىڭلار، مەككىدە مۇشرىكلارغا بەرگەن ۋەدەڭلارغا ۋاپا قىلىڭلار، بىزگە ئاللاھ ياردەم قىلىدۇ» دەپ ئۇلارنى قايتۇرۇۋەتكەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىراۋدىن بىر نەرسە قەرز ئالغان بولسا، ئۇنى ئەڭ ياخشى شەكىلدە قايتۇراتتى. بىراۋ ھەدىيە ئېلىپ كەلگەن بولسا، ئۇنىڭغا ئۇنىڭ ھەدىيەسىدىنمۇ ياخشىراق ھەدىيە تەقدىم قىلاتتى. بىر ياخشىلىق قىلغان كىشىنىڭ ياخشىلىقنى ئۆمۈرۋايەت ئۇنتۇمايتتى. ئىنىك ئانىسى ھەلىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى كۆرسە، ئانام دەپ ھۆرمەتلەپ، ئۆزىنىڭ ئورنىدا ئولتۇرغۇزۇپ، نۇرغۇن ئىززەت-ئىكرام ۋە ھەدىيەلەر بىلەن يولغا سالاتتى. ھەتتا ھەلىمەنىڭ يېزىسىدىن كەلگەنلەرگە ئالاھىدە مۇئامىلە قىلاتتى. بىرىنچى ئايالى ھەزرىتى خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى ھەر دائىم ئەسلەپ، ئۇنىڭ تۇغقانلىرى ۋە دوستلىرىغا ياردەم قىلاتتى. قۇربانلىق قىلسا، خەدىچىنىڭ تۇغقان ۋە دوستلىرىغا قۇربانلىق گۆشىدىن ئەۋەتەتتى. ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: «مەن خەدىچىنى كۆرمىگەن ئىدىم، رەسۇلۇللاھنىڭ ئاياللىرى ئىچىدە ئەڭ كۆپ خەدىچىگە كۈندەشلىك قىلاتتىم. چۈنكى رەسۇلۇللاھ ئۇنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيتتى ۋە دائىم ئۇنىڭ دوستلىرىغا ھەدىيەلەر ئەۋەتەتتى. بىر كۈنى يەنە خەدىچىنى ئەسلەپ ئۇنىڭ دوستلىرىغا قۇربانلىق گۆشتىن ئەۋەتمەكچى

[1] نەجم سۈرىسى: 73 ـ ئايەت.
[2] مەريەم سۈرىسى: 45 ـ ئايەت.

بولدى، مەن چىداپ تۇرالماي: ‹جاھاندا خەدىچىدىن باشقا ئايال يوقتەك؛ ئۇ بىر قېرى ئايال ئىدى، ئاللاھ سىلىگە ئۇنىڭدىن ياخشىراقىنى بەردىغۇ› دېدىم. رەسۇلۇللاھ غەزەبلەنگەن ھالدا: «ياق، ئۇنىڭدىن ياخشىسىنى بەرمىدى، ئىنسانلار مېنى ئىنكار قىلغاندا، ئۇ ماڭا ئىمان كەلتۈردى. ئىنسانلار مېنى يالغانچى دەپ قارىشى چىققاندا، ئۇ ماڭا ئىشەندى، ئىنسانلار مېنى مەھرۇم قىلغاندا، ئۇ ماللىرى بىلەن مېنى قوغدىدى، ئاللاھ ئۇنىڭدىن ماڭا پەرزەنتلەر بەردى» دېدى. مەن: ‹بۇندىن كېيىن ئۇنىڭ ھەققىدە گەپ قىلمايمەن› دېدىم.[1]

3- ۋاپادارلىق ساھابە كىراملارنىڭ سۈپىتى:

ساھابە كىراملار ھەقىقەتەن ۋاپادار زاتلار ئىدى. ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى قوغداش ۋە رەسۇلۇللاھنى مۇداپىئە قىلىش يولىدا ئىنسانىيەت تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن ۋاپادارلىق ۋە پىداكارلىق كۆرسەتتى. شۇڭا ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا ۋە مەدھىيىلىشىگە ئېرىشتى. ئۇلارنىڭ بۇ سۈپىتى قۇرئان كەرىمدە مۇنداق ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ: ﴿مِنَ الْمُؤْمِنِينَ رِجَالٌ صَدَقُوا مَا عَاهَدُوا اللَّهَ عَلَيْهِ فَمِنْهُمْ مَنْ قَضَى نَحْبَهُ وَمِنْهُمْ مَنْ يَنْتَظِرُ وَمَا بَدَّلُوا تَبْدِيلًا﴾ «مۇئمىنلەرنىڭ ئىچىدە (رەسۇلۇللاھ بىلەن غازاتقا چىققاندا سەباتلىق بولۇپ، شېھىد بولغانغا قەدەر دادىللىق بىلەن جەڭ قىلىش توغرۇلۇق) ئاللاھقا بەرگەن ئەھدىنى ئىشقا ئاشۇرغان نۇرغۇن كىشىلەر بار. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى (ئەھدىگە ۋاپا قىلىپ) شېھىد بولدى. بىر قىسمى (شېھىد بولۇشنى كۈتمەكتە. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى (رەببىگە بەرگەن ئەھدىسىنى) ھەرگىز ئۆزگەرتمىدى».[2] پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جەڭدە شېھىد بولغان ساھابىلارنى دەپنە قىلغاندا، مۇشۇ ئايەتنى ئوقۇيتتى. خەبباب ئىبنى ئەرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شېھىد بولغاندا، رەسۇلۇللاھ ئۇ زاتنى دەپنە قىلىۋېتىپ مۇشۇ ئايەتنى ئوقۇغانلىقىنى رىۋايەت قىلغان.

ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «ۋاپادارلىق بىلەن راستچىللىق قوشكېزەكتۇر (يەنى ئىككىسى بىر-بىرىدىن ئايرىلمايدۇ). مەن ۋاپادارلىقتىن ياخشىراق بىر قالقان بىلمەيمەن. ئاخىر بارىدىغان يېرىنى بىلگەن كىشى خىيانەت قىلمايدۇ (يەنى ئاخىرىدا خىيانەتنى قوبۇل قىلمايدىغان ئاللاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ ھېساب بېرىدىغانلىقىغا چىن ئىشەنگەن كىشى ھەرگىز خىيانەت قىلمايدۇ). كۈنىمىزدە ئىنسانلار خىيانەتنى ئەقلىي پاراسەت دەپ قارايدىغان بولۇپ قالدى. جاھىللار بۇ خىل كىشىلەرنى ياخشى چارە قوللانغۇچى، ئەقىللىق كىشىلەر دەپ ئاتىشىدۇ، ئاللاھ ئۇلارغا لەنەت قىلسۇن».

[1] ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.
[2] ئەھزاب سۈرىسى: 32 ـ ئايەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىكى ئادرېسى www.uyghurkitap.com

4- ۋاپادارلىق مۇتتەقى مۇئمىنلەرنىڭ سۈپىتى:

ئاللاھتىن ھەقىقىي رەۋىشتە قورقىدىغان تەقۋادار مۇئمىنلار ھەر قانداق شارائىتتا ۋاپادار بولۇپ، سۆزىدىن يانمايدۇ، ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ.ئىشەنگەن يەردىن چىقىدۇ، ئامانەتكە خىيانەت قىلمايدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇلارنى مەدھىيىلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالَّذِينَ هُمْ لِأَمَانَاتِهِمْ وَعَهْدِهِمْ رَاعُونَ﴾ «ئۇلار (يەنى مۇئمىنلەر) ئۆزلىرىگە تاپشۇرۇلغان ئامانەتلەرگە ۋە بەرگەن ئەھدىلىرىگە رىئايە قىلغۇچىلاردۇر.» [1] يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق كەلگەن: ﴿وَالْمُوفُونَ بِعَهْدِهِمْ إِذَا عَاهَدُوا وَالصَّابِرِينَ فِي الْبَأْسَاءِ وَالضَّرَّاءِ وَحِينَ الْبَأْسِ أُولَئِكَ الَّذِينَ صَدَقُوا وَأُولَئِكَ هُمُ الْمُتَّقُونَ﴾ «ئەھدىگە ۋاپا قىلىش، يوقسۇزلۇقتا، كېسەللىككە ۋە ئاللاھ يولىدا قىلىنغان ئۇرۇشقا بەرداشلىق بېرىش ياخشى ئىشلاردۇر. ئەنە شۇلار راستچىللاردۇر، ئەنە شۇلار تەقۋادارلاردۇر».[2]

كىمگە ۋاپا قىلىمىز؟

1- ئاللاھ تائالاغا ۋاپا قىلىش:

بىز بۇ دۇنياغا كېلىشتىن بۇرۇن رەببىمىزنىڭ ئاللاھ ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىپ گۇۋاھلىق بەرگەن. ئاللاھ تائالاغا ۋاپا قىلىش ئەنە شۇ گۇۋاھلىقىمىزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، ئاللاھنى رەببىم دەپ تونۇپ ئىمان كەلتۈرۈش، ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرىغا ئىتائەت قىلىش، توسقانلىرىدىن يىنىشتۇر. ئاللاھ تائالا شۇ چاغدىكى گۇۋاھلىقىمىزنى ۋە ئەھدىمىزنى ئەسلىتىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِذْ أَخَذَ رَبُّكَ مِنْ بَنِي آدَمَ مِنْ ظُهُورِهِمْ ذُرِّيَّتَهُمْ وَأَشْهَدَهُمْ عَلَى أَنْفُسِهِمْ أَلَسْتُ بِرَبِّكُمْ قَالُوا بَلَى شَهِدْنَا أَنْ تَقُولُوا يَوْمَ الْقِيَامَةِ إِنَّا كُنَّا عَنْ هَذَا غَافِلِينَ﴾ «ئۆز ۋاقتىدا رەببىڭ ئادەمنىڭ نەسلىنى ئۇلارنىڭ ئاتىلىرىنىڭ پۇشتىدىن چىقاردى ۋە ئۇلارنى ئۆزلىرىگە گۇۋاھچى قىلىپ: ‹مەن سىلەرنىڭ رەببىڭلار ئەمەسمۇ؟› دېدى. ئۇلار: ‹ئەلبەتتە سەن بىزنىڭ رەببىمىزدۇرسەن، گۇۋاھلىق بەردۇق› دېدى. (ئۇلارنى گۇۋاھلىق بەرگۈزگەنلىكىمىز) قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ ‹بىز بۇنىڭدىن غەپلەتتە قالغان ئىكەنمىز› دېمەسلىكلىرى ئۈچۈندۇر.» [3]

﴿أَلَمْ أَعْهَدْ إِلَيْكُمْ يَا بَنِي آدَمَ أَنْ لَا تَعْبُدُوا الشَّيْطَانَ إِنَّهُ لَكُمْ عَدُوٌّ مُبِينٌ وَأَنِ اعْبُدُونِي هَذَا صِرَاطٌ مُسْتَقِيمٌ﴾ «سىلەرگە: ‹ئى ئادەم بالىلىرى! شەيتانغا چوقۇنماڭلار، ئۇ ھەقىقەتەن سىلەرگە ئاشكارا دۈشمەندۇر، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار، بۇ توغرا يولدۇر› دەپ تەۋسىيە قىلمىدىممۇ؟»[4]

ئاللاھ تائالاغا ۋاپا قىلىش - ئاللاھنىڭ دىنىدا مۇستەھكەم تۇرۇش، دىنىنى مۇداپىئە قىلىش، باشقىلارنى دىنغا دەۋەت قىلىش، خاتالىق ئۆتكۈزۈپ سالسا، تەۋبە

[1] مۇئمىنۇن سۈرىسى: 8 ـ ئايەت.
[2] بەقەرە سۈرىسى: 177 ـ ئايەت.
[3] ئەئراف سۈرىسى: 172 ـ ئايەت.
[4] ياسىن سۈرىسى: 60 ۋە 61 ـ ئايەتلەر.

قىلىش، ئاللاھ ئۈچۈن قىلغان نەزىرلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ۋە ئاللاھنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىپ بەرگەن ۋەدىلىرىگە ئەمەل قىلىشتۇر.

2- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋاپا قىلىش:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋاپاقىلىش - رەسۇلۇللاھنى ئاتا-ئانا ۋە بالا-چاقىسىدىنمۇ بەكرەك سۆيۈش، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش، ئۇنىڭ سۈننىتىگە ئەگىشىش، ئۇنىڭ كۆرسەتكەن يولىدىن مېڭىش، ئۇنىڭ ئەخلاقى بىلەن ئەخلاقلىنىش، بارلىق سۆز ۋە ئىشلىرىدا رەسۇلۇللاھنى ئۆزىگە ئۈلگە قىلىش، رەسۇلۇللاھقا كۆپ دۇرۇت ئوقۇش ۋە رەسۇلۇللاھنى مۇداپىئە قىلىش بىلەن بولىدۇ.

3- ئۆلىمالارغا ۋاپا قىلىش:

ئۆلىمالارغا ۋاپا قىلىش - ئۇلارنى ھۆرمەتلەش، بىلمىگەن نەرسىنى ئۇلاردىن سوراش، ئۇلارنىڭ سۆزىگە ئېتىبار بېرىش، ئۇلارنىڭ ھەققىدە يامان گەپ قىلماسلىق، ئۇلارغا دۇئا قىلىش بىلەن بولىدۇ. ئىمام ئەزەم: ئۇستازىم ھەممادقا ۋاپات بولغاندىن بېرى ھەر نامىزىمدا ئۇنىڭغا دۇئا قىلىمەن، دېگەن.ئىمام ئەھمەد ئىمام شافىئىغا كۆپ دۇئا قىلىدىكەن، ئوغلى نېمە ئۈچۈن ئىمام شافىئىغا بۇنداق كۆپ دۇئا قىلىلا؟ دەپ سورىغاندا، ئوغلۇم! ئىمام شافىئىي دۇنيا ئۈچۈن قۇياشقا ۋە ئىنسانلار ئۈچۈن ساقلىققا ئوخشايدۇ. بۇ ئىككىسىنىڭ بەدىلى يوق، دېگەن ئىكەن.

4- ئاتا-ئانىغا ۋاپا قىلىش:

ئاتا-ئانىغا ۋاپا قىلىش - ئۇلار ھايات ۋاقتىدا ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىش، ئۇلارنى رەنجىتمەسلىك، ئۇلار ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇلارغا دۇئا قىلىش، ئۇلارنىڭ قەرزىنى ئۆتەش، ئۇلارنىڭ دوستلىرىنى يوقلاپ، ئاتا-ئانىسىنىڭ دوستلۇقىنى داۋاملاشتۇرۇش بىلەن بولىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَقَضَىٰ رَبُّكَ أَلَّا تَعْبُدُوا إِلَّا إِيَّاهُ وَبِالْوَالِدَيْنِ إِحْسَانًا إِمَّا يَبْلُغَنَّ عِندَكَ الْكِبَرَ أَحَدُهُمَا أَوْ كِلَاهُمَا فَلَا تَقُل لَّهُمَا أُفٍّ وَلَا تَنْهَرْهُمَا وَقُل لَّهُمَا قَوْلًا كَرِيمًا وَاخْفِضْ لَهُمَا جَنَاحَ الذُّلِّ مِنَ الرَّحْمَةِ وَقُل رَّبِّ ارْحَمْهُمَا كَمَا رَبَّيَانِي صَغِيرًا﴾ «رەببىڭ پەقەت ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى ۋە ئاتا - ئاناڭلارغا (قىلىشقا تېگىشلىك خىزمەتنى) ۋايىغا يەتكۈزۈپقىلىشىڭلارنى پەرز قىلدى، ئۇلارنىڭ بىرى يا ئىككىلىسى سېنىڭ بىلەن بىللە بولۇپ ياشىنىپ قالغان بولسا، ئۇلارغا «ئوف!» دېمىگىن (يەنى شۇنچىلىك كەيپىمۇ قىلمىغىن)، ئۇلارغا قوپاللىق قىلمىغىن، ئۇلارغا ھۆرمەت بىلەن يۇمشاق سۆز قىلغىن. ئۇلارغا چوڭقۇر مېھرىبانلىق بىلەن ناھايىتى كەمتەر مۇئامىلىدە بولغىن ۋە: «ئى رەببىم! ئۇلار مېنى كىچىكلىكىمدە (مېھرى بىلەن) تەربىيىلىگەندەك، سەن ئۇلارغا رەھمەت قىلغىن» دېگىن»[1].

[1] ئىسرا سۈرىسى: 32-42-ئايەتلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

5- ئەر ـ خوتۇنلار بىر ـ بىرىگە ۋاپا قىلىش:

ئەرنىڭ ئايالىغا ۋاپا قىلىشى ـ ئايالىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىش، ئايالىغا ياخشى مۇئامىلە قىلىش، ئايالىنىڭ ئۆي ئىچىدە قىلغان خىزمىتىنى قەدىرلەش، ئايالىغا پات ـ پات ھەدىيە ئېلىش، ئايالىنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىدىغان سۆز ۋە ئىشلارنى قىلىش، يوقىلاڭ ئىشلارغا ئايالىنى تىللاپ ئۇرماسلىق ۋە ئايالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى ھۆرمەتلەش قاتارلىق ئىشلار بىلەن بولىدۇ.

ئايالىنىڭ ئېرىگە ۋاپاسى ـ ئېرىگە ئىتائەت قىلىش، ئېرىنى ھۆرمەتلەش، باللىرىغا دادىسىنى ھۆرمەتلەش ۋە بويسۇنۇشنى ئۆگىتىش، ئېرىنىڭ خىزمەتلىرىنى قەدىرلەش، موللۇقتا ۋە قىيىنچىلىقتا ئېرىنىڭ يېنىدا تۇرۇش، ئېرىنىڭ قىلغان ياخشىلىقىغا تانماسلىق، ئېرىنىڭ رۇخسىتىسىز ئىش قىلماسلىق، ئېرىنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئاسراش، ئېرىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى ھۆرمەتلەش ۋەئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىش قاتارلىق ئىشلار بىلەن بولىدۇ.

6- ھەممە ئادەمگە ۋاپادار بولۇش.

ئادەملەرگە ۋاپادار بولۇش تۆۋەندىكى ئىشلاردا بولىدۇ:

1- ياخشىلىققا ياخشىلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇش:

كىشىنىڭ قىلغان ياخشىلىقىنى ئاز بولسۇن كۆپ بولسۇن ئۇنتۇماسلىق، قولىدىن كېلىشىچە ياخشىلىق قىلىشقا تىرىشىش، رەھمەت ئوقۇش. ئاللاھ تائالا: ﴿هَلْ جَزَاءُ الْإِحْسَانِ إِلَّا الْإِحْسَانُ﴾ «ياخشىلىقنىڭ مۇكاپاتى پەقەت ياخشىلىقتۇر» [1]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: {لا يَشْكُرُ اللهَ مَن لا يَشْكُرُ الناسَ} «ئىنسانلارغا رەھمەت ئېيتمايدىغان كىشى ئاللاھقا شۈكۈر قىلمايدۇ». [2]

كىشىلەرگە ۋاپادار بولۇش، ئىنسانلارنى ياخشىلىق قىلىشقا ئۈندەيدۇ؛ جەمئىيەتتە ھەمكارلىقنى، دوستلۇقنى، ساداقەتنى ئاشۇرىدۇ. ئەگەر ياخشىلىق قىلغان كىشىگە ياخشىلىق قىلالمىسا، ئۇنىڭ ياخشىلىقىنى سۆزلەش، ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىش ۋە ئۇنىڭغا ياخشىلىق تىلەپ دۇئا قىلىش لازىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: {مَنِ استعاذكم باللهِ فأعيذوه، ومن سألكمْ باللهِ فأعطوهُ ومن دعاكمْ فأجيبوهُ ومن أتى إليكم معروفًا فكافِئوه فإن لم تجدوا فادعوا لهُ حتى تعلموا أن قد كافأتموهُ} «كىم ئاللاھنىڭ نامى بىلەن سىلەردىن پاناھ تىلىسە، ئۇنى ھىمايە قىلىڭلار. كىم ئاللاھنىڭ نامى بىلەن بىر نەرسە تىلىسە، ئۇنىڭغا بېرىڭلار. سىلەرگە بىراۋ بىر ياخشىلىق قىلسا، ئۇنى مۇكاپاتلاڭلار، ئەگەر مۇكاپاتلىيالمىساڭلار، ئۇنى مۇكاپاتلىغانلىقىڭلارغا قانائەت قىلغۇچىلىك دۇئا قىلىڭلار». [3]

[1] رەھمان سۈرىسى: 60 ـ ئايەت.
[2] ئىمام ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان، ئەلبەنى سەھىھ دېگەن.
[3] ئىمام ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان، ئەلبانى سەھىھ دېگەن.

ۋاپادارلىقنىڭ ئەكسى تۇزكورلۇق بولۇپ، ئۇنىڭ ئەڭ يامىنى قولغا بايلىق ياكى مەنسەپ كەلگەندە، بۇرۇن ئۆزىگە ياخشىلىق قىلغان كىشىنى ئۇنتۇشتۇر.

2- ئەھدىگە ۋە كېلىشىمگە ۋاپا قىلىش:

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا أَوْفُوا بِالْعُقُودِ﴾ «ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئەھدىلەرگە (يەنى ﷲ بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ۋە سىلەرنىڭ ئۆز ئاراڭلاردىكى ئەھدىلەرگە) ۋاپا قىلىڭلار.» [1]

﴿وَأَوْفُوا بِعَهْدِ اللَّهِ إِذَا عَاهَدْتُمْ وَلَا تَنْقُضُوا الْأَيْمَانَ بَعْدَ تَوْكِيدِهَا﴾ «سىلەر ئەھدە تۈزۈشكەنلىرىڭلاردا، ئاللاھنىڭ ئەھدىگە ۋاپا قىلىڭلار، قەسەمىڭلارنى (ئاللاھنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ) پۇختىلىغاندىن كېيىن بۇزماڭلار...» [2] ﴿وَأَوْفُوا بِالْعَهْدِ إِنَّ الْعَهْدَ كَانَ مَسْئُولاً﴾ «ئەھدىگە ۋاپا قىلىڭلار، ئەھدە ئۈستىدە ئەلۋەتتە سوئال ـ سوراق قىلىنىسىلەر» [3] ھەتتا كاپىرلار بىلەن تۈزۈشكەن ئەھدىگە ۋاپا قىلىش لازىم. يۇقىرىدا رەسۇلۇللاھنىڭ ۋاپادارلىقىنى بايان قىلغاندا، كاپىرلار بىلەن تۈزگەن كېلىشىم ۋە ئەھدىلەرگە قانداق ۋاپا قىلغانلىقىنى بايان قىلدۇق. بارلىق كېلىشىملەردە رەسۇلۇللاھ مۇسۇلمانلارغا زىيان كېلىدىغان ئىش بولسىمۇ، ھەرگىز كېلىشىمگە خىلاپ ئىش قىلمىغان، ئەكسىچە ھەر دائىم كېلىشىمنى بۇزغان ۋە ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلغانلار كاپىر ـ مۇشرىكلار ئىدى.

3- ۋەدىسىدە تۇرۇش:

ۋەدىسىدە تۇرۇش مۇئمىننىڭ سۈپىتى، ۋەدىسىدە تۇرماسلىق مۇناپىقنىڭ سۈپىتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: {أربع من كُنَّ فيه كان منافقاً خالصاً، ومن كانت فيه خُلَّة منهن كانت فيه خُلَّة من نفاق حتى يدعها: إذا حدَّث كذب، وإذا عاهد غدَر، وإذا وعَدَ أخلف، وإذا خاصم فَجَر} «كىمدە تۆت ئادەت تېپىلسا، ئۇ خالىس مۇناپىق بولىدۇ. كىمدە ئۇنىڭدىن بىرى بولسا، ئۇنى تاشلىمىغۇچە ئۇنىڭدا مۇناپىقنىڭ ئادىتىدىن بىر ئادەت بار بولىدۇ. ئۇ ئادەتلەر: سۆزلىسە يالغان ئېيتىدۇ، ئەھدىسىگە خىيانەت قىلىدۇ، ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلىدۇ، جېدەللىشىپ قالسا ئاغزىنى بۇزىدۇ». [4]

4- قەرزىگە ۋاپا قىلىش:

قەرزنى ۋاقتىدا ئۆتەش، ئۆتىيەلمىسە، قەرز ئىگىسىگە چىرايلىق ئۆزرە ئېيتىپ، ۋاقتىنى ئۇزارتىپ بېرىشىنى ئۆتۈنۈش. ھەر دائىم قەرزنى ئۆتەش ئۈچۈن تىرىشىش، ئاللاھتىن قەرزنى ئۆتەش ئۈچۈن ياردەم تىلەپ دۇئا قىلىش. چۈنكى قەرزنى ئۆتىمىگەن ھالدا دۇنيادىن كېتىپ قالسا، ئاللاھ ئۇنىڭدىن ئۆتمەيدۇ. ھەتتا شېھىدنىڭ ھەممە گۇناھىنى مەغپىرەت قىلسىمۇ، قەرزنى كەچۈرمەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

[1] مائىدە سۈرىسى: 1 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] نەھل سۈرىسى: 19 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] ئىسرا سۈرىسى: 43 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] بۇخارى (7003)، مۇسلىم (85).

{يُغْفَرُ لِلشَّهِيدِ كُلُّ ذَنْبٍ إِلَّا الدَّيْنَ} «شېھىدنىڭ قەرزدىن باشقا پۈتكۈل گۇناھى مەغپىرەت قىلىنىدۇ» دېگەن.[1]

5- سودا ـ سېتىقتا ۋاپادار بولۇش:

سودا ـ سېتىقتا بىر ـ بىرىنى ئالدىماسلىق. بىر ـ بىرىنىڭ ھەققىنى تولۇق ئادا قىلىش. بىر ـ بىرىگە يالغان گەپ قىلماسلىق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: {البيعان بالخيار ما لم يتفرقا، فإن صدقا وبينا بورك لهما في بيعهما، وإن كتما وكذبا محقت بركة بيعهما} «سودىلاشقۇچى ئىككى كىشى ئايرىلىپ كەتمىگۈچىلىك سودىدىن يېنىش ئىختىيارى بار. ئەگەر ئىككىسى بىر ـ بىرىگە راس گەپ قىلسا، سودىسى بەرىكەتلىك بولىدۇ. ئەگەر يالغان گەپ قىلسا، سودىسىنىڭ بەرىكىتى يوق قىلىنىدۇ».[2]

ۋاپادارلىق ئەخلاقىنى ئۆزىمىزدە قانداق يېتىلدۈرىمىز؟

يۇقىرىدا ۋاپادارلىقنىڭ ئىسلامدىكى ئورنىنى، پايدىلىرىنى، ۋاپادار بولۇشنىڭ مۇھىملىقىنى ۋە ۋاپاسىزلىقنىڭ مۇناپىقلارنىڭ ئالامىتى ئىكەنلىكىنى تەپسىلى بايان قىلدۇق. مۇشۇ ھەقىقەتنى بىلگەن مۇسۇلمان ئەلۋەتتە ۋاپاسىزلىقنى تاشلاپ ۋاپادار بولۇشقا، ئاللاھ رازى بولىدىغان گۈزەل ئەخلاق بىلەن ئۆزىنى بېزەشكە تىرىشىدۇ. ۋاپادارلىق ئەخلاقىنى ئۆزىدە يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئىشلارنى قىلسا، ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمى بىلەن مەقسىدىگە يېتەلەيدۇ:

1- ۋاپاسىزلىقنىڭ قانداق يامان ئىش ئىكەنلىكىنى، ئۆزىگە بىراۋ ۋاپاسىزلىق قىلسا، قانچىلىك رەنجىيدىغانلىقىنى ئويلاش.

2- ئۆزىدىن ھېساب ئېلىپ، ۋاپادار بولغان بولسا، ئاللاھقا شۈكۈر قىلىشى ۋە مۇشۇ ئەخلاقىنى داۋاملاشتۇرۇشى.

3- ۋاپاسىزلىق قىلغان يەرلىرى بولسا، تەۋبە قىلىپ، بۇنىڭدىن كېيىن ۋاپادار بولىدىغانلىقىغا ئاللاھ تائالاغا ۋەدە بېرىشى.

5- ئاللاھ تائالادىن ۋاپادار بولۇشنى تىلەپ دۇئا قىلىشى.

6- ۋاپاسىزلاردىن يىراق تۇرۇشى، ۋاپادار، ياخشى كىشىلەر بىلەن ئولتۇرۇپ ـ قوپۇش ۋە باردى ـ كەلدى قىلىشى.

7- ئۇرۇق ـ تۇغقان، خولۇم ـ خوشنا ۋە دوست ـ ئاغىنىلىرىنى ۋاپادار بولۇشقا تەرغىب قىلىشى. كىشىلەرنى ۋاپادار بولۇشقا تەرغىب قىلىپ، ۋاپادارلىقنىڭ پايدىلىرىنى ۋە ۋەپاسىزلىقنىڭ زىيانلىرىنى سۆزلەپ بەرسە، بۇ نەسىھەتلەر ئۆزىگىمۇ تەسىر قىلىپ، ۋاپادار بولۇشقا پايدىسى بولىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلْتَكُن مِّنكُمْ أُمَّةٌ يَدْعُونَ

[1] ئىمام مۇسلىم (6881).
[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

إِلَى ٱلْخَيْرِ وَيَأْمُرُونَ بِٱلْمَعْرُوفِ وَيَنْهَوْنَ عَنِ ٱلْمُنكَرِ وَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلْمُفْلِحُونَ﴾ «سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا ياخشى ئىشلارغا چاقىرىدىغان، ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسىدىغان بىر جامائەت بولسۇن. ئەنە شۇلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر».[1]

بالىلىرىمىزنى قانداق ۋاپالىق قىلالايمىز؟

ئاتا-ئانىلار بالىلىرىدا ۋاپادارلىق ئەخلاقىنى يېتىلدۈرۈشتە تۆۋەندىكى ئۇسۇللارغا دىققەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ:

1- ئاتا-ئانىلار ۋاپادار بولۇشتا بالىلارغا ئۈلگە بولۇشى، بالىلىرى بىرەر ياخشى ئىش قىلسا، رەھمەت ئېيتىشى. چۈنكى بالىلار ئاتا-ئانىسىنىڭ قانداق ۋاپادارلىق قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلاردىن ئۈلگە ئالىدۇ.

2- ئاتا-ئانا بولغۇچىلار بالىلىرىغا ياخشىلىق قىلغان كىشىلەرگە قانداق رەھمەت ئېيتىشنى ئۆگىتىش كېرەك.

3- ياخشىلىق قىلغان كىشىنىڭ ياخشىلىقىنى ھەرگىز ئۇنتۇماسلىقنى تەۋسىيە قىلىشى لازىم.

4- بالىلارغا قىلالمايدىغان ئىشلاردا ئاداشلىرىغا ۋەدە قىلماسلىقنى جېكىلەش لازىم. مەسىلەن: بالا ئاداشلىرىغا باغچىغا بىللە بارىدىغانلىقىغا ۋەدە قىلسا، ئاتا-ئانىسى ئۇنىڭغا رۇخسەت قىلمىسا، بالا ۋەدىسىگە ۋاپا قىلالمايدۇ، ھەمدە ئاتا-ئانىسىنى رۇخسەت بەرمىدى، دەپ رەنجىيدۇ. شۇڭا بالىغا قىلالمايدىغان ئىشقا ۋەدە بەرمەسلىكنى ئۆگىتىشى لازىم.

5- بالىلارغا ۋاپادار بولۇشنىڭ شەرەپلىك، ئالىيجاناب كىشىلەرنىڭ خىسلىتى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشى زۆرۈر.

6- بالىلارغا ۋاپاسىزلىقنىڭ زىيانلىرىنى سۆزلەپ بېرىشى كېرەك.

7- بالىلارنىڭ ۋاپادار، گۈزەل ئەخلاقلىق بولۇپ يېتىلىشى ئۈچۈن ئاللاھ تائالاغا داۋاملىق دۇئا قىلىشى.

ئاللاھ تائالا بىزلەرنى ۋە بالىلىرىمىزنى ئىسلام چاقىرغان ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆگەتكەن ۋاپادارلىق ۋە باشقا گۈزەل ئەخلاق بىلەن ئەخلاقلىنىشقا ۋە سۈيۈملۈك مۇسۇلمانلاردىن بولۇشقا نېسىپ قىلسۇن. ئامىن.

بۇ ماقالىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: تاھىرجان ئاببباس

[1] ئال ئىمران سۈرىسى: 104-ئايەت.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# ئىسلامنىڭ ئۆسەك سۆزلەر ھەققىدىكى پوزىتسىيەسى

ئابدۇراھمان جامال كاشغەرى



## 1. ئۆسەك سۆزلەرنىڭ تونۇشتۇرۇلۇشى ۋە ماھىيىتى

ئۆسەك سۆزنىڭ تەرىپاتى ھەققىدە ئىككى خىل تونۇشتۇرۇشنى بايان قىلىمىز:

1) ئۆسەك سۆز ياكى پىتنە-ئىغۋا دېگەن ئېغىزاكى نەقىل قىلىنىدىغان، توغرا ياكى خاتا بولۇش ئېھتىمالى بولغان، لېكىن راست ئىكەنلىكىگە پاكىت تېپىلمايدىغان خەۋەردۇر[1].

2) ئۆسەك سۆزياكى پىتنە-ئىغۋا دېگەن كېلىپ چىقىش مەنبەسى ئېنىق بولمىغان، دەلىل پاكىتقا ئىگە بولمىغان، ئېغىزاكى تارقىلىدىغان، ئىشەندۈرۈش ئېھتىمالىي ھەم تارقىلىش ئېھتىمالى بولغان خەۋەردۇر[2].

پىتنە ئىغۋا بىر ئاز غۇۋا بولسا، جەمئىيەتكە ياكى نوپۇزلۇق شەخسلەرگە مۇناسىۋەتلىك بولسا، ئاندىن خەلقنىڭ ئاڭ-سەۋىيەسى تۆۋەن بولسا، تېز تارقايدۇ.

پىتنە-ئىغۋا ياكى ئۆسەك سۆزلەر كۆپىنچە ھاللاردا بىر شەخس، ياكى بىرەر گورۇھ ياكى بىرەر گېزىت، ياكى تېلېۋىزىيە ئېكرانلىرى، ياكى ئىنتېرنېت چۆۋىنلىرى، ياكى سالاھىيىتى ئېنىق بولمىغان شەخسلەر تەرىپىدىن تارقايدىغان ئىجتىمائىي ئىللەتتۇر ھەمدە دۈشمەنلەرنىڭ مەھكۇم مىللەتنى پارچىلاپ باشقۇرۇشتىكى ئىستراتېگىيەلىك

[1] د.ئەھمەد نەۋفەل «ئىشائە»، 51 ۋە 71-بەتلەر.
[2] د.فەھمى نەججار «پىسخىكا ئۇرۇشى»، 661-بەت.

تاكتىكىسىدۇر. شۇڭا، پىتنە-ئىغۋا تارقاتقۇچىلار ئىستىخبارات ساھەسىدە «بەشىنچى سەپ ئەسكەرلىرى» دەپ ئاتىلىدۇ.

پىتنە-ئىغۋا پىسخىكا ئۇرۇشىنىڭ ئەڭ خەتەرلىك قۇراللىرىدىن بىرى سانىلىدۇ، چۈنكى پىتنە-ئىغۋا تارقاتقۇچىلار كۆپىنچە ھاللاردا قارشى تەرەپنى ئاجىزلىتىش، ئىچكى زىددىيەت پەيدا قىلىش، ئىتتىپاقلىقنى چۇشۇرۇش، پىتنە-پاسات تېرىپ ئىش قىلغۇزماسلىق، كىشىلەرنى بىر-بىرىگە ئىشەنمەيدىغان قىلىۋېتىشنى مەقسەت قىلىدۇ[1].

پىتنە-ئىغۋا يېقىنقى دەۋردە ئىستىخباراتنىڭ پىلانلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى ئەڭ مۇھىم تاكتىكىلىق ۋاستىگە ئايلىنىپ قالماقتا. ھەتتا بەزىدە بىرەر دۆلەتلەرنىڭ يىقىلىشىغا، ياكى بىرەر دۆلەتنىڭ جەڭگە كىرىپ قېلىشىغا، ياكى پايچەك بازىرىنىڭ ۋەيران بولۇشىغا سەۋەب بولماقتا. مەسىلەن، ئامېرىكا ئىراق ھەققىدە خىمىيىلىك قۇرالغا ئىگە دېگەن پىتنە-ئىغۋانى تارقىتىش ئارقىلىق ئىراقنى ۋەيران قىلىپ پارچىلىۋەتتى[2].

پىتنە-ئىغۋا كىرىزىس زامانلىرىدا كۆپ يۈز بېرىدۇ، چۈنكى كىرىزىس پەيدا قىلغۇچىلار بەزىدە قارشى تەرەپكە كۆيۈنگەن قىياپەتتە كىرىۋېلىپ ھەسەلگە زەھەر يالىتىش ئارقىلىق ئىستراتېگىيەلىك مەقسەتلىرىگە يەتمەكچى بولىدۇ. بۇ سەۋەبتىن، پىتنە-ئىغۋالار شەخس ياكى جەمئىيەتنى بۇزۇشتا خىمىيىلىك قۇرالدىنمۇ ئېغىر دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ، چۈنكى پىتنە-ئىغۋا بەدەننى ئەمەس، ئەقىلنى تېشىپ ئۆتۈپ كېتىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى كۆپلىگەن كىشىلەر ساددا ياكى ئاڭسىز بولغانلىقى ئۈچۈن راست بىلەن يالغاننى ئايرىيالماي گاڭگىراپ قالىدۇ.

پىتنە-ئىغۋا تارقىتىشنىڭ خاراكتېرى يا ھەسەتتىن، يا ئاداۋەتتىن ياكى مەنپەئەتپەرەسلىكتىن ياكى شۆھرەتپەرەسلىكتىن ياكى يالغانچىلىقتىن، ياكى بۇزغۇنچىلىقتىن، ياكى خىتتاي ئىستىخباراتىنىڭ غالچىلىقنى قىلغانلىقتىن كېلىپ چىقىدۇ. شۇڭا، پىتنە-ئىغۋا تارقىتىدىغانلارنىڭ كۆپىنچىسى سىياسىي كۈرەشنى قۇربان قىلىۋېتىشتىن ياكى قېرىنداشلىرىنىڭ مەنپەئەتلىرىگە زىيانكەشلىك قىلىشتىن يانمايدىغان ۋىجدانسىز كېلىدۇ.

ئادەتتە، پىتنە-ئىغۋا تارقىتىپ خەلقنى قايمۇقتۇرىدىغانلارنىڭ مەقسىتى ماددىي مەنپەئەتكە ئېرىشىش، ياكى مەنسەپكە ئېرىشىش، ياكى پىتنە-ئىغۋادىن كېيىن بوش قالىدىغان سىياسىي مەيداننى ئىگىلەشكە ئۇرۇنۇشتىن ئىبارەت بولسا كېرەك. مەسىلەن، سۈرگۈن ھۆكۈمىتى تەشكىلاتىنىڭ پارچىلىنىش ھالىتىنى بۇنىڭغا مىسال قىلىشقا بولىدۇ.

شۇڭا، ئۆسەك سۆز تارقاتقۇچىلار ئۆزلىرىگە بازار ئېچىش ئۈچۈن جەمئىيەتتە تەسىرى بولغان ئالىملار، سىياسەتچىلەر ۋە ھەققىي ۋەتەنپەرۋەرلەرنىڭ ئابرۇيىغا تىل تەككۈزۈپ، ئۇلارنى جەمئىيەتتىن يېتىم قالدۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ. تېخى بەزى بىلەرمەنلەر

[1] ھەسەن سەئىد «ئۆسەك سۆز پسخولوگىيەسى»، 91 ۋە 02 - بەتلەر.
[2] د.جەمىل شاھىن «ئۆسەك سۆز ھەققەتتىن كۈچلۈك» ناملىق ماقالىسىگە قاراڭ. ten.lirif: //ptth

ئۇيغۇر كىتاب ئورىيكىنى
www.uyghurkitap.com

ئىنساپ قىلماستىن ئۆزلىرىنى پاك ۋە ئەخلاقلىق كۆرسىتىش ئۈچۈن ئىشەنچلىك كىشىلەرنى خىيانەتچى ۋە مەنپەئەتپەرەس قىلىپ كۆرسىتىشكە ئۇرۇنىدۇ.

2. پىتنە ـ ئىغۋانىڭ ئىجتىمائىي ھاياتتىكى تەسىرى

پىتنە ـ ئىغۋالار ياكى ئۆسەك سۆزلەر ئىغىر ئاپەتتۇر، خەتەرلىك بالادۇر، ساقايماس كېسەلدۇر، مەنىۋى بومبىدۇر ۋە پسىخىكىلىق زەمبىرەكتۇر. چۈنكى، ئۆسەك سۆزلەر پاك كىشىلەرنى پەرىشان قىلىدۇ، مىللەتنىڭ ئۆزئارا بىر ـ بىرىگە بولغان ئىشەنچىسىنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرگە تەسىر يەتكۈزىدۇ، دوستلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى بۇزۇۋېتىدۇ، سادا كىشىلەرنىڭ قەلبىدە ئىككىلىنىش ۋە ئۈمىدسىزلىك پەيدا قىلىدۇ، تەشكىلاتلار ئارىسىدا داۋالغۇش پەيدا قىلىپ ھەمكارلىقنى ئاجىزلىتىۋېتىدۇ، سىياسىي كۈرەشكە زىيان كەلتۈرىدۇ، جەمئىيەتنى پايدىسىز تالاش ـ تارتىشلارغا سېلىپ قويۇپ ئاۋارە قىلىدۇ[1]. بۇ سەۋەبتىن ئۆسەك سۆزلەرنىڭ گۇناھىي تۆھمەت خاراكتېرلىك بولغانلىقى ئۈچۈن ئىغىر بولىدۇ: ﴿إِنَّ الَّذِينَ يُحِبُّونَ أَنْ تَشِيعَ الْفَاحِشَةُ فِي الَّذِينَ آمَنُوا لَهُمْ عَذَابٌ أَلِيمٌ فِي الدُّنْيَا وَالْآخِرَةِ﴾ «مۆمىنلەر ئۈستىدە يامان سۆزلەرنىڭ تارقىلىشىنى ياقتۇرىدىغان ئادەملەر، شۈبھىسىزكى، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە قاتتىق ئازابقا قالىدۇ» [2].

پىتنە ـ ئىغۋانىڭ تېز تارقىلىش سەۋەبى يا ئاڭسىزلىقتىن، ياكى ئىنتېرنېت ۋاستىلىرىنى توغرا يولدا قوللانماسلىقتىن، بەزىلەرنىڭ ئۆزىگە مۇناسىۋىتى بولمىغان ياكى بىلمەيدىغان ئىشلارغا ئارىلىشىۋېلىشىدىن، ياكى دىندارلىق روھىنىڭ ئاجىزلىقىدىن، ياكى ئەخلاقىنىڭ ئاجىزلىقىدىن، ياكى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنىڭ يوقلۇقىدىن ياكى دۈشمەن ئىستىخباراتىغا ئىشلەيدىغان غالچىلارنىڭ كۆپلۈكىدىن بولسا كېرەك.

پىتنە ـ ئىغۋا تارقىتىدىغان كىشىلەرنىڭ مەقسىتى يا ماددىي مەنپەئەتكە ئېرىشىش، ياكى مەنسەپكە ئېرىشىش، ياكى ئۆزىنىڭ كاتتا ئىنسان ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش، ياكى بىرەرسىنىڭ يۈز ئابرۇيىنى تۆكۈش، ياكى بىرەر ئېقىمىنى ئاجىزلاشتۇرۇش، ياكى سىياسىي كۈرەشكە زەربە بېرىش، ياكى بۆلۈپ پارچىلاپ يوقىتىش.. قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولسا كېرەك[3].

شۇڭا، دىنىمىز پىتنە ـ ئىغۋانى ئۆلۈمدىن يامان دەپ ئىپادىلىگەن: ﴿وَالْفِتْنَةُ أَشَدُّ مِنَ الْقَتْلِ﴾ «پىتنە ـ پاسات ئۆلۈمدىن ياماندۇر» [4]، چۈنكى پىتنە ـ ئىغۋا ئائىلە، ياكى جەمئىيەت ئارىسىدا جېدەل ماجىرا پەيدا قىلىدۇ، ھەمكارلىق روھىنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ، كىشىلەرنى ھەقىقەتتىن يىراقلاشتۇرۇپ قويىدۇ ھەم جەمئىيەتتە ئۈمىدسىزلىك ۋە ئۆزئارا ئىشەنمەسلىك ئۇرۇقىنى چاچىدۇ.

[1] ھەسەن سەئىد «ئۆسەك سۆز پسىخولوگىيەسى»، 82 ـ 92 بەتلەرگە قاراڭ.
[2] نۇر سۈرىسى، 91 ـ ئايەت
[3] د.ئابدۇللاھ ئەمۇھەممەد ئەرىف «پسىخكا ئۇرۇشى ۋە ئۆسەك سۆزلەر» 11 ـ 31، 52 ۋە 62 ـ بەتلەر.
[4] بەقەر سۈرىسى، 191 ـ ئايەت

شۇنىڭدەك ئۆسەك سۆز ياكى پىتنە ـ ئىغۋا پىسخىكا ھۇجۇمى پەيدا قىلىپ، مىللەتنىڭ مەنۇۋىيىتىنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ، ئاكتىپ شەخسلەرنى ھەرىكەت مەيدانىدىن چېكىندۈرۈشكە ئۇرۇنىدۇ. شۇڭا، پىتنە ـ ئىغۋا بۇزغۇنچىلارنىڭ، قارانىيەتلەرنىڭ، شۆھرەتپەرەسلەرنىڭ، جاسۇسلارنىڭ، پاسىقلارنىڭ قورالىدۇر ۋە ئۇلارنىڭ خىزمەت ساھەسىدۇر.

3. ئىسلامنىڭ ئۆسەك سۆزلەر ھەققىدىكى كۆرسەتمىلىرى

ئىسلامنىڭ ئۆسەك سۆزلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەققىدىكى كۆرسەتمىلىرى

ئىسلام دىنى ئۆسەك سۆزلەر ياكى پىتنە ئىغۋانىڭ شەخس، ئائىلە، جەمئىيەت ۋە دۆلەتكە كەلتۈرىدىغان خەتىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن بىر بۆلەك كۆرسەتمىلەرنى يولغا قويغان. بۇ كۆرسەتمىلەر تۆۋەندىكىچە:

1) ئىسلام دىنى ئۆسەك سۆزلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن بارلىق مۇسۇلمانلارنى تىلىغا ئىگە بولۇشقا بۇيرۇغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: {كَفَى بِالْمَرْءِ إِثْمًا أَنْ يُحَدِّثَ بِكُلِّ مَا سَمِعَ} «بىر ئىنساننىڭ ئاڭلىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى سۆزلەپ يۈرۈشى گۇناھ جەھەتتە يېتىپ ئاشىدۇ» دېگەن[1]. پەيغەمبىرىمىز يەنە: {من كان يؤمن بالله واليوم الآخر فليقل خيرًا أو ليصمت} «كىم ئاللاھقا ۋە قىيامەت كۈنىگە ئىشەنسە ئىشەندىغان بولسا، ياخشى سۆزى بولسا قىلسۇن، ياخشى سۆزى بولمىسا، سۈكۈت قىلسۇن» [2] دېيىش ئارقىلىق ئىماننىڭ سالامەتلىكىنى ياخشى گەپ بولسا قىلىشقا، ياكى سۈكۈت قىلىشقا باغلىغان. ھەدىستىكى سۈكۈت قىلىش دېگەن يامان سۆزلەرنى قىلماستىن باشقا يەنە ئۆسەك سۆزلەرنى سۆزلىمەسلىك ياكى نەقىل قىلماسلىق ياكى ئالاقىلىشىش ۋاستىلىرىدا تارقاتماسلىق دېگەننىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

2) ئىسلام دىنى يالغان گەپ قىلىشنى ھارام قىلغان، ئۆسەك سۆزگە قارايدىغان بولساق، ئۇنىڭ ھەممىسى ياكى بىر قىسمى يالغاندۇر. پەيغەمبەرىمىز يالغانچىلىقنى پاسىقلىق ۋە كەززابلىقنىڭ ئالامىتى دەپ سۈپەتلىگەن: {إِيَّاكُمْ وَالْكَذِبَ فَإِنَّ الْكَذِبَ يَهْدِي إِلَى الْفُجُورِ وَإِنَّ الْفُجُورَ يَهْدِي إِلَى النَّارِ، وَمَا يَزَالُ الرَّجُلُ يَكْذِبُ وَيَتَحَرَّى الْكَذِبَ حَتَّى يُكْتَبَ عِنْدَ اللَّهِ كَذَّابًا} «سىلەر يالغان گەپ ـ سۆز قىلىشتىن ساقلىنىڭلار، چۈنكى يالغانچىلىق پاسىقلىققا باشلايدۇ، پاسىقلىق دوزاخقا باشلايدۇ. بىر ئادەم يالغان گەپ سۆز قىلىۋەرسە ۋە يالغان گەپ ـ سۆزدىن يانمىسا ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدا يالغانچى دەپ يېزىلىدۇ» [3].

3) ئىسلام دىنى غەيۋەت قىلىشنى ھارام قىلغان، ئۆسەك سۆز غەيۋەتنىڭ بىر قىسمىدۇر. ئاللاھ غەيۋەت قىلىشنى ئادەم گۆشىنى يېگەنلىككە ئوخشاتقان: ﴿وَلَا يَغْتَبْ بَعْضُكُمْ بَعْضًا أَيُحِبُّ أَحَدُكُمْ أَنْ يَأْكُلَ لَحْمَ أَخِيهِ مَيْتًا فَكَرِهْتُمُوهُ وَاتَّقُوا اللَّهَ﴾ «بىر ـ بىرىڭلارنىڭ

[1] ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى.
[2] بۇخارى رىۋايىتى.
[3] مۇسلىم رىۋايىتى.

ئەيۋەتنى قىلماڭلار، سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆلگەن قېرىندىشىڭلارنىڭ گۆشىنى يېيىشنى ياقتۇرامسىلەر؟ ئۇنى ياقتۇرمايسىلەر ئاللاھتىن قورقۇڭلار» [1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام غەيۋەت قىلىش ياكى سۇخەنچىلىك قىلىشتىن ئاگاھلاندۇرۇپ: {لَا يَدْخُلُ الْجَنَّةَ نَمَّامٌ} «سۇخەنچى جەننەتكە كىرمەيدۇ» دېگەن[2].

4) ئىسلام دىنى ئاڭلىغان ھەرقانداق گەپ ـ سۆزلەرنى سۆزلەپ يۈرۈشنىڭ يالغانچىلىق بولىدىغانلىقىنى ئەسكەرتكەن. چۈنكى پەيغەمبىرىمىز بۇ توغرىدا: {كَفَى بِالْمَرْءِ كَذِبًا أَنْ يُحَدِّثَ بِكُلِّ مَا سَمِعَ} «بىر ئىنساننىڭ ئاڭلىغان ھەر بىر نەرسىنى سۆزنى سۆزلەپ يۈرۈشى يالغانچىلىق جەھەتتە يېتىپ ئاشىدۇ» دېگەن[3]. دىنىمىزدا شۇنداق ئېنىق كۆرسەتمىلەر تۇرسىمۇ، مۇسۇلمانلار ئارىسىدا يەنىلا گۇناھقا كىرىپ قېلىشتىن قىلچە قورقمايدىغان ۋە ئىنسانلاردىن ھايا قىلمايدىغان بىر قىسىم ھەسەتخور، غەيۋەتخور، پىتنىخور، شۆھرەتپەرەس ۋە مەسئۇلىيەتسىز ئىنسانلار تېپىلىدىغانلىقى ئەپسۇسلىنارلىق ئىش.

5) ئىسلامدا ھەرقانداق گەپ ـ سۆزنىڭ جاۋابكارلىقى بولىدۇ.

ئۆسەك سۆزلەرنىڭ راست ـ يالغانلىقىنى تەكشۈرمەي تۇرۇپ، ياكى ئۇ سۆزلەرنىڭ جەمئىيەتكە قانداق زىيان ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى ئېتىبارغا ئالماي تۇرۇپ تارقىتىۋاتقانلار قىلمىشلىرىنىڭ نەقەدەر خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشى ھەمدە قىلىۋاتقان ھەربىر ئىش ـ ھەرىكەتتىن ياكى گەپ ـ سۆزلىرىدىن ئاللاھنىڭ ئالدىدا جاۋابكارلىققا تارتىلىدىغانلىقىنى بىلىشى لازىم. چۈنكى سۆز ئاغزاكى بولسۇن، ياكى يازمىلىق بولسۇن، ياكى ئىكرانلىق بولسۇن ھەممىسىنىڭ جاۋابكارلىقى بولىدۇ. ئىنساننىڭ ھەر خىل ئالاقىلىشىش ۋاستىلىرى ئارقىلىق قىلغان ھەر بىر ئېغىز سۆزى ياكى ئىش ھەرىكىتى سېكۇنتمۇ ـ سېكۇنت پەرىشتىلەرنىڭ كامىراسىغا خاتىرىلىنىپ تۇرىدۇ: ﴿مَا يَلْفِظُ مِنْ قَوْلٍ إِلَّا لَدَيْهِ رَقِيبٌ عَتِيدٌ﴾ «(ئىنساننىڭ سۆز ـ ھەرىكىتى خاتىرىلىنىۋاتقان) ۋاقىتتا، ئۇ قانداق بىر سۆزنى قىلمىسۇن، ئۇنىڭ ئالدىدا ھامان پەرىشتە ھازىر بولۇپ، كۆزىتىپ تۇرىدۇ» [4].

بۇ سەۋەبتىن باشقىلارنىڭ ئىززەت ـ ئابرۇيىغا مۇناسىۋەتلىك خەۋەرلەرگە ئىشىنىشتىن بۇرۇن خەۋەرنىڭ راست ـ يالغانلىقىنى ئېنىقلاش ئىسلامنىڭ كۆرسەتمىسىدۇر. بۇ كۆرسەتمىگە ئەمەل قىلغاندا ئۆسەك ـ سۆزلەر ۋە پىتنە ئىغۋالاردىن قۇتۇلغىلى بولىدۇ. چۈنكى قۇرئان كەرىم پاسىق ئىنسانلارنىڭ خەۋەرلىرىگە ئۇدۇللا ئىشەنمەسلىككە ۋە ئۇلارنىڭ خەۋەرلىرىنىڭ راست يالغانلىقىنى تەكشۈرۈشكە بۇيرۇغان: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا

[1] ھوجۇرات سۈرىسى، 21 ـ ئايەت.
[2] مۇسلىم رىۋايىتى.
[3] مۇسلىم رىۋايىتى.
[4] قاف سۈرىسى، 81 ـ ئايەت.

إِنْ جَاءَكُمْ فَاسِقٌ بِنَبَإٍ فَتَبَيَّنُوا أَنْ تُصِيبُوا قَوْمًا بِجَهَالَةٍ فَتُصْبِحُوا عَلَى مَا فَعَلْتُمْ نَادِمِينَ﴾ «ئى مۆمىنلەر! ئەگەر سىلەرگە بىر پاسىق ئادەم بىرەر خەۋەر ئېلىپ كەلسە، (ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى) بىلمەستىن بىرەر قەۋمنى رەنجىتىپ قويۇپ، قىلمىشىڭلارغا پۇشايمان قىلىپ قالماسلىقىڭلار ئۈچۈن، (ئۇ خەۋەرنى) ئېنىقلاپ كۆرۈڭلار» [1] .

4. ئىسلامنىڭ ئۆسەك سۆزلەرگە تاقابىل تۇرۇشتىكى كۆرسەتمىلىرى

بىرەر جەمئىيەتتە پىتنە ئىغۋا ياكى ئۆسەك سۆز تارقىغان بولسا، ئىسلامنىڭ ئۇنىڭغاقارىتا قانداق مۇئامىلە قىلىش توغرىسىدا بىر بۆلەك كۆرسەتمىلىرى بار. ئۇ كۆرسەتمىلەر تۆۋەندىكىچە:

1) دىنىمىز مۇسۇلمانلار ھەققىدە ياخشى ئوي‌دا بولۇشقا، ئۇلار ھەققىدە يامان گۇمان قىلماسلىققا، ھەمدە ھۆكۈم چىقىرىشتىن ئىلگىرى ئۇلارنى قېرىنداشنىڭ ئورنىدا قويۇشقا بۇيرۇغان. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا اجْتَنِبُوا كَثِيراً مِّنَ الظَّنِّ، إِنَّ بَعْضَ الظَّنِّ إِثْمٌ، وَلاَ تَجَسَّسُوا وَلاَ يَغْتَب بَّعْضُكُم بَعْضاً﴾ «ئى مۆمىنلەر! نۇرغۇن گۇمانلاردىن ساقلىنىڭلار، بەزى گۇمانلار ھەقىقەتەن گۇناھتۇر، (مۆمىنلەرنىڭ ئەيىبىنى) ئىزدىمەڭلار، بىر-بىرىڭلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلماڭلار» دېگەن[2]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ توغرىدا: {إِيَّاكُمْ وَالظَّنَّ، فَإِنَّ الظَّنَّ أَكْذَبُ الْحَدِيثِ} «سىلەر بىر-بىرىڭلارغا يامان گۇمان قىلىشتىن ساقلىنىڭلار، چۈنكى يامان گۇمان قىلىش ئەڭ يالغان گەپتۇر» دېگەن[3] .

2) دىنىمىز ئاساسىي بولمىغان خەۋەرلەرنى نەقىل قىلىشنى ھارام قىلغان. ناۋادا بىر جەمئىيەتتە يالغان خەۋەر تارقالغان بولسا، ئۇ خەۋەرنىڭ ھەرخىل سورۇنلاردا تارقىلىشىغا ھەسسە قوشماستىن، بەلكى سۈكۈت قىلىپ يوقىتىشقا ياكى ئۇنى ئاڭلىماسلىققا سىلىشقا بۇيرۇغان. قۇرئان كەرىم بۇ توغرىدا: ﴿لَوْلَا إِذْ سَمِعْتُمُوهُ ظَنَّ الْمُؤْمِنُونَ وَالْمُؤْمِنَاتُ بِأَنْفُسِهِمْ خَيْرًا وَقَالُوا هَذَا إِفْكٌ مُبِينٌ﴾ «بوھتاننى ئاڭلىغان چاغلىرىڭلاردا ئەر-ئايال مۆمىنلەر نېمىشقا ئۆزلىرىنى ياخشى دەپ قاراپ، بۇ ئېنىق بوھتان دېمىدى؟» دەپ خاپىلىقلىغان[4].

3) دىنىمىز تۆھمەت خاراكتېرىدىكى خەۋەرلەرنى كەسكىن پاكىت بولمىسا، قوبۇل قىلماسلىققا ۋە ئۇ خەۋەرنى تارقاتقۇچىلارغا ئىشەنمەسلىككە بۇيرۇغان: ﴿فَإِذْ لَمْ يَأْتُوا بِالشُّهَدَاءِ فَأُولَئِكَ عِنْدَ اللَّهِ هُمُ الْكَاذِبُونَ﴾ «ئەگەر ئۇلار گۇۋاھچىلارنى كەلتۈرەلمىگەن ئىكەن، ئۇلار ئاللاھنىڭ نەزىرىدە يالغانچى ھېسابلىنىدۇ» [5] .

4) دىنىمىز ئۆسەك سۆزلەرنىڭ تارقىلىشىغا ياغ چاچماي، بەلكى بۆشۈكىدىلا

[1] ھوجۇرات سۈرىسى، 6-ئايەت.
[2] ھوجۇرات سۈرىسى، 21-ئايەت.
[3] بۇخارى رىۋايىتى.
[4] نۇر سۈرىسى، 21-ئايەت.
[5] نۇر سۈرىسى، 31 - ئايەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

چىقمىشتۇرۇشقا بۇيرۇغان: ﴿وَلَوْلَا إِذْ سَمِعْتُمُوهُ قُلْتُمْ مَا يَكُونُ لَنَا أَنْ نَتَكَلَّمَ بِهَذَا سُبْحَانَكَ هَذَا بُهْتَانٌ عَظِيمٌ﴾ «ئۇنى ئاڭلىغان چېغىڭلاردا، نېمىشقا مۇنداق سۆزلەرنى قىلىش بىزگە مۇناسىپ ئەمەس، (ئى ئاللاھ سەن پاكتۇرسەنكى، بۇ چوڭ بوھتاندۇر دېمىدىڭلار» [1].

5) دىنىمىز باشقىلارغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى بازارغا سېلىپ يۈرمەستىن، بەلكى ئۇ ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى مەسئۇللاردىن ۋە شۇ ئىشنى ئېنىق بىلىدىغانلاردىن سۈرۈشتە قىلىشقا بۇيرۇغان: ﴿وَإِذَا جَاءَهُمْ أَمْرٌ مِنَ الْأَمْنِ أَوِ الْخَوْفِ أَذَاعُوا بِهِ، وَلَوْ رَدُّوهُ إِلَى الرَّسُولِ وَإِلَى أُولِي الْأَمْرِ مِنْهُمْ، لَعَلِمَهُ الَّذِينَ يَسْتَنْبِطُونَهُ مِنْهُمْ﴾ «ئەگەر ئۇلارغا بىخەتەرلىككە ياكى ئەندىشىگە مۇناسىۋەتلىك بىرەر خەۋەر يەتسە، ئۇنى ھەرخىل ۋاستىلەر ئارقىلىق ھەممە يەرگە تارقىتىۋېتىدۇ ۋە ئېلان قىلىۋېتىدۇ. ئەگەر ئۇلار ئۇنى پەيغەمبەرگە ۋە ئۇنى ئېنىق بىلىدىغان ئىش ئۈستىدىكى مەسئۇللارغا يەتكۈزگەن بولسا، ياكى شۇلاردىن سۈرۈشتۈرگەن بولسا، ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى ئېنىق بىلگەن بولاتتى» دەپ توغرا يولنى كۆرسىتىپ قويغان[2].

6) دىنىمىز ئۇششاك سۆزلەرنى تارقىتىشنىڭ ئاقىۋىتى ۋە ئۇنىڭ كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان نەتىجىلىرى ھەققىدە ئويلىنىشقا بۇيرۇغان. قۇرئان كەرىم بۇ توغرىدا: ﴿إِنَّ الَّذِينَ يُحِبُّونَ أَنْ تَشِيعَ الْفَاحِشَةُ فِي الَّذِينَ آمَنُوا لَهُمْ عَذَابٌ أَلِيمٌ فِي الدُّنْيَا وَالْآخِرَةِ وَاللَّهُ يَعْلَمُ وَأَنْتُمْ لَا تَعْلَمُونَ﴾ «مۆمىنلەر ئۈستىدە يامان سۆزلەرنىڭ تارىلىشىنى ياقتۇرىدىغان ئادەملەر، شۈبھىسىزكى، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە قاتتىق ئازابقا قالىدۇ، ئاللاھ (سىرلارنى ۋە نىيەتلەرنى) بىلىپ تۇرىدۇ، سىلەر بىلمەيسىلەر» دېگەن[3].

7) دىنىمىز ئۇششاك سۆزلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن «دەپتىكەنمىش، بوپتىكەنمىش» دېگەندەك سۆزلەرنى ئىشلىتىشتىن توسقان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ توغرىدا: ﴿إِنَّ اللَّهَ كَرِهَ لَكُمْ ثَلَاثًا: قِيلَ وَقَالَ وَإِضَاعَةَ الْمَالِ وَكَثْرَةَ السُّؤَالِ﴾ «ئاللاھ سىلەرنىڭ دەپتىكەنمىش، بوپتىكەنمىش دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىشىڭلارنى، ئىقتىسادنى ئەھمىيەتسىز ئورۇنلارغا ئىشلىتىپ زايە قىلىۋېتىشىڭلارنى ۋە مۇناسىۋەتسىز سوئاللارنى كۆپ سوراپ بىئارام قىلىشىڭلارنى يامان كۆرىدۇ» دېگەن[4].

8) ئىسلام دىنى ئىنسانلارنىڭ ئىززەت ئابرۇيىنى ھىمايە قىلىشنى پەرز قىلغان ۋە ئۇنى شەرىئەتنىڭ يۈكسەك مەقسىتى دەپ بەلگىلىگەن. شۇڭا، كىشىلەرنىڭ ئىززەت-ئابرۇيىغا چېقىلىشنى ھارام قىلغان ھەمدە باشقىلارنىڭ ئىززەت-ئابرۇيىغا قارا چاپلىغانلارغا تۆھمەتخورلۇق جازاسىنى بېكىتكەن.

بۇ ماقالىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: مۇھەممەد يۈسۈپ

[1] نۇر سۈرىسى، 16-ئايەت.
[2] نىسا سۈرىسى، 83 - ئايەت.
[3] نۇر سۈرىسى، 19 - ئايەت.
[4] بۇخارى رىۋايىتى.



# ئەيب كمدە؟!

تاھرجان ئابباس

بز ئۇيغۇر مللتى مەركزى ئاسيانڭ بەلۋېغى، ئوتتۇرا ئاسيانڭ قەلبى، تۈركستان تۇپراقلردا، يەنى بۈگۈنكى شەرقي تۈركستان زېمنندا ياشاپ كەلگەن، شانلق مەدەنيەتلەرنى بەرپا قلپ، ئۆزلرنڭ مللي ئەنئەنسى، ئېتقاد قارىشى، تل ۋە ئۆرپ-ئادەت مەدەنيىتنى شەكللەندۈرۈپ، دۇنيا مەدەنيىتگە شانلق تۆھپلەرنى قوشقان قەدىمي ئۇلۇغ بر مللەت. لېكن، بۇ بر قانچە ئەسردن بېرى قسمەت تەقدراتمزنڭ زاۋاللق قوينغا تاشلنپ، بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە بۇ ئۇلۇغ مللەت ئومۇميۈزلۈك ئېغر پالاكەت ئچدە تېنەپ، نېمە قلارنى بلەلمەيدىغان ھالغا كېلپ قالدى. ھجراندن ھجرانغا، دەرد-ئەلەمدن دەرد-ئەلەمگە، بوران-چاپقۇندن بوران-چاپقۇنغا سوقۇلۇپ، دۇنيانڭ تۆت ئەتراپدا سورۇلۇپ كېتۋاتمز. يۇرتمزنى غېربلق بېسپ، مۇدھش زمستان ھۇۋلاشقا باشلدى. قەلب قەسرمزنى تۇمان قاپلدى. قاغجراق يۈركمز چاك-چاك يېرلپ، كۆزلرمزنڭ ياشلرى قۇردى!

بز بېشمزنى قاچانلاردا يتتۇرۇپ قويغان بولغيتتۇق، بلمەيمەن! ئەقلمگە كەلسەم بېشمز يوق، گەۋدمز ئەگرى، بلمز سۇنۇق، قۇرۇق ئسكلت ھالدا ئكەنمز، تا ئۇ كۈندن بۇ كۈنگچە ھالمز خاراب، كۈنمز تېخمۇ يۇرۇماس بولۇپ كەلدى. سياسي بېسم ۋە ئجتمائي زۇلۇم بومباردمانى ئاستدا نالە-پەرياد چېكۋاتمز. تېخمۇ ئېچنشلق بولغنى خەلقمز قيامەت يۈز بېرپ، ئاسمان پارچە - پارچە بولۇپ بېشغا تۆكۈلۈۋاتقان، يەر يېرلپ يۇتۇۋاتقاندەك بر ساراسمە ئچدە خۇددى يوقاتتى. خۇددى ئسرايل ئەلەيھسسالامنڭ سۇر چېلشنى كۈتۈۋاتقاندەك ئەندشە ئچدە، ھەممز نېمە قلشمزنى بلمەيدىغان ھالغا كېلپ

قالدۇق. مىللىي خاسلىقىمىز، دىنىي ئېتىقادىمىز، تىل ۋە ئۆرپ-ئادەتلىرىمىز تارمار قىلىندى. ئىرادە ئەركىنلىكىمىز تامامەن بوغۇلۇپ، چارىسىز ۋە بىقۇل هالغا چۈشۈپ قالدۇق. مانا مۇشۇنداق نىمجان هالدىمۇ بىز خەلق يەنە كەلگۈسى ئىستىقبالىمىز نامىغا ھەممە قايىل بولغۇدەك بىر دىنىي يېتەكچى، سىياسىي رەھبەر ئەتراپىغا ئۇيۇشۇپ بىرلىك ھاسىل قىلالمىدۇق، تەشكىلاتلىرىمىز بولسا بىر پۈتۈن سىياسىي كۈچ بولۇپ ئۇيۇشالمىدى. بۇ بىزنىڭ بىر ئەل ئۈچۈن ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ئىسپاتلاشنىڭ قانچىلىك مۇھىملىقىنى تېخىچە ھېس قىلىپ يېتەلمىگەنلىكىمىزنىڭ نامايەندىسىدۇر. بىز روھىيىتىمىزدىكى بۇ ئىقتىدارنى يوقىتىپ قويغانلىقىمىز ئۈچۈن، روھىي غېرىپلىقىمىز كۆندىن-كۈنگە ئېشىپ كېتىۋاتىدۇ. ھېچ بىرىمىزنىڭ كۆتۈلمىگەندە يۈز بەرگەن ياكى يۈز بېرىشى ئېھتىماللىق بولغان ھادىسىلەرگە قارىتا جىددىي بىر تەييارلىقىمىز يوق. پوزىتسىيەمىز پەقەت يىرىك ۋە رېئاكسىيىلىك قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت. قارايدىغان بولساق خەلقئارادا دەۋا روھى بويىچە ئىزچىل خىزمەت قىلىۋاتقان بىر ئىككى تەشكىلاتتىن باشقا ئۆزلىرىچە بىر ئىشلار بىلەن يىلاندەك سۆرۈلىۋاتقان بىر مۇنچە ئۇششاق تەشكىلاتلار ۋە بۆلۈنمە سۈرگۈندى ھۆكۈمەتلىرىمىز بار. ئۇلار سەۋەبلىك خەلقىمىز مۇرەسسەسىز توقۇنۇش ۋە باش-ئاخىرى يوق ئەرزىمەس زىددىيەتلەر قاينىمىدا سورۇلۇپ كېتىۋاتىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا ئەنگلىيە ۋە فرانسىيە مىسىرنى ئىشغال قىلىپ دۆلەتنى كونترول قىلماقچى بولغاندا جامالىددىن ئافغانى مىسىر خەلقىگە خىتاب قىلىپ مۇنداق دېگەن ئىكەن: «بىرلىششكە توسقۇنلۇق قىلىدىغان كۈچ ۋە ئەڭ ئەجەللىك ئىللەت خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىشالماسلىقىدىن ئىبارەت؛ ئىتتىپاقلاشمىغان مىللەت داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ» . كۈنىمىزدە بۇنىڭغا ئەڭ چوڭ توسالغۇ ئامىل مەزكۇر تەشكىلاتلىرىمىزنىڭ ئۆزئارا بىر- ئارىغا كېلەلمەسلىكى، تېخىمۇ يامان بولغىنى بىر-بىرىنى تۇلۇقلايدىغان بىر بەدەننىڭ بىر پارچىسى قاتارىدا كۆرەلمەسلىكى، ئەكسىچە رەقىب ۋە مەنپەئەت توقۇنۇشى ئاساسىدا بىر-بىرىگە يەڭ ئىچىدە پىچاق ساقلاپ، ئېغىز - تىللىرىدىن زەھەر-زەققۇم ئېقىتىدىغان ناباب قىلمىشلىرى. شۇ سەۋەبلىك خەلقىمىز كىمنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشۇشنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالماقتا. كىمنىڭ ئاۋازى يۇقىرى چىقسا بىر مەزگىل شۇنىڭ ئارقىسىدىن شۇئار توۋلاپ، شۇنىڭ كەتمىنىنى چاپىدىغان يامان ئادەت شەكىللەنمەكتە. توغرىسى، خەلقىمىز ئىچىدە ھەقىقىي مەنىدە دەۋاغا ئىگە چىقىدىغانلارغا قارىغاندا، مەنپەئەت ھېرىسىنىڭ ئارقىسىدىن چاپىدىغان رەزىل خۇي -پەيلىگە كۆنۈپ كەتكەنلەرنىڭ سانى كۆپ سانلىق بولۇپ جەمئىيىتىمىزدىن ئورۇن ئالماقتا. بۇنىڭدا ئاساسلىق كىم ئەيىبلىك! - خەلقىمىزمۇ ياكى مەزكۇر تەشكىلاتلىرىمىزمۇ؟

سەزگۈرلۈك نوقتىسىدىن قارىغاندا، ئەيىبنى تەشكىلاتلىرىمىزدىن ئىزدەپ، ئۇلارنى بىرلىك ۋە باراۋەرلىككە، سەممىيەت نوقتىسىدىن ئالغاندا خەلقىمىزنى ھەممەت ۋە سەپەرۋەرلىككە ئۈندەشكە، بۇ جەھەتتە پىكىر - تەلەپلىرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا

ئېرەنسىزلىك قىلماسلىقىمىز لازىم. چۈنكى كۆپىنچە تەشكىلاتلارنىڭ تاجاۋۇزچى كۈچلەرنىڭ ئىستراتېگىيىلىك پىلانى، سىياسىي بېسىمى، ئىجتىمائىي زۇلمى ۋە ئويۇنلىرىغا قارشى ئېلىپ بارغان ياكى ئېلىپ بارغاندەك كۆرۈنۈۋاتقان پائالىيەتلىرى كۆرۈنۈشتە ئەزىز مىللىتىمىزنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قېلىش مۇجادىلىسىدەك كۆرۈنگەن بىلەن، ئەمەلىيەتتە ھېچ بىرىنىڭ ھازىرغىچە تىلغا ئالغۇدەك بىرەر نەتىجە قولغا كەلتۈرۈپ، خەلقىمىزگە ئۈمىد بېغىشلىغانلىقىنى كۆرمەيۋاتىمىز. شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، كۆنىمىزدە خەلق ئاممىسى ھېچ بىر جەمئىيەت ياكى تەشكىلاتلاردىن مەمنۇن ئەمەس؛ تور دۇنياسىدا بولسۇن ياكى جەمئىيەتتە بولسۇن ئۇلارنىڭ تەشكىلاتلار ئۈستىدىن داۋاملىق شىكايەت قىلغانلىقىنى، داۋاملىق ئاغرىنىپ غودۇڭشىغانلىقىنى ئۇچرىتىمىز. مېنىڭچە بولغاندا ئۇلارنىڭ قوسىقىدىكى غومنى تامامەن ئورۇنلۇق ياكى تامامەن ئورۇنسىز دەپ قاراشقا بولمايدۇ. چۈنكى تەشكىلاتلار ئىچىدىمۇ ھەقىقىي دەۋا ئېڭى سىڭگەن، سەممىي ۋە ساداقەتمەنلىك بىلەن خىزمەت قىلىۋاتقان تەشكىلاتلىرىمىز بار. ئۇلارنىڭ قىلغان خىزمەتلىرىگە كۆز يۇمۇپ ھەممىنى بىر تاياقتا دۇمباللاشقا بولمايدۇ. توغرا، خىزمەت قىلىۋاتقان تەشكىلاتلىرىمىزنىڭمۇ يېتەرسىزلىكى، يېتىشىپ بولالمىغان تەرەپلىرى بار. چۈنكى ئۇلارنىڭمۇ ماددىي ئىمكانىيەتلىرى چەكلىك، قولى قىسقا. ھېچ بىر تەشكىلاتنىڭ مۇقىم بىر مىللىي كىرىم مەنبەسى يوق. مەسىلىنىڭ بۇ تەرىپىنى نەزەرگە ئالماي پۈتۈن تەشكىلاتلارنى ئىش قىلالمىدى، دەپ ئېتىبارسىزلاشتۇرۇش توغرا خاھىش ئەمەس. چۈنكى ھەرقانداق بىر دەۋا، بولۇپمۇ بىزنىڭ دەۋايىمىزدەك بۇنداق مۇرەككەپ دەۋالارنى قۇرۇق قول ياكى بىر سىياسىي كۈچنى ئارقىسىغا ئالماي تۇرۇپ داۋاملاشتۇرۇش تەس ياكى ئىمكانىيىتى يوق. بولۇپمۇ دۇنيا سىياسىتى بۈگۈنكىدەك ماددىي مەنپەئەت ئۈستىگە قۇرۇلغان بىر دەۋردە پۇل-مالسىز يولغا چىقىش دېڭىز-ئوكياندا كاپىتانسىز كېمىگە چىققان بىلەن باراۋەر. ئەگەر بىز بۇ خىل تەشكىلات ۋە جەمئىيەتلەرنىڭ ساپاسىنى كۆتۈرىمىز، سەۋىيەسىنى ئۆستۈرىمىز، كەمچىلىكىنى تولۇقلايمىز دېسەك، چوقۇم بىز ئالدى بىلەن ئۇلارنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن خاتىرجەم قىلىشىمىز، ھېچ قانداق بىر مالىي ھۆددىگەرنىڭ قوچىقىغا تاشلاپ قويماسلىقىمىز، بەلكى مۇستەقىل بىر مىللىي كىرىم مەنبەسى بارلىققا كەلتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرىشىمىز لازىم. بۇنىڭدا ئالدى بىلەن «شەرقىي تۈركىستانلىقلار خەلقئارا مىللىي فوندى»نى بارلىققا كەلتۈرۈش كېرەك. بۇنى بارلىققا كەلتۈرۈشتە بارلىق تەشكىلات ياكى جەمئىيەتلەردىن مۇستەقىل ھالدا شەكىللەندۈرۈش مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. مىللىي فوندى قۇرۇلۇپ رەسمىي خىزمەت باشلىغاندا مۇھاجىرەتتىكى ھەربىر شەرقىي تۈركىستانلىق مەلۇم مىقداردا ئايلىق بەدەل پۇلى تاپشۇرىشى، مەلۇم مەبلەغ توپلانغاندىن كېيىن بۇنى ئىسلامىي كارخانىلارغا پاي قوشۇش ئارقىلىق مۇقىم كىرىم مەنبەسىگە ئايلاندۇرۇش لازىم. چۈنكى بۇندىن كېيىنكى ھەرقانداق بىر خىزمەت ۋە دەۋا پۇل-مالسىز قۇرۇق قول داۋاملاشمايدۇ. داۋاملاشقان تەقدىردىمۇ ئىشتىن سىرتقى سائەتلەردە، ئۆزىمىزنىڭ

www.uyghurkitap.com

تۈرمۈشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلغاندىن كېيىنكى قۇشۇمچە خىزمەتكە ئايلىنىپ قالىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا دەۋاننىڭ ئىلگىرىلىشى قەدەم باسمايدۇ. مەلۇم ئىقتىسادقا ئىگە بولۇپ، مەلۇم سەۋىيەگە كەلگەندە دۇنيا سىياسىتىدە لوبىلىق پائالىيىتى ئېلىپ بېرىش ھەرىكىتىنى باشلاشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭغا سەل قارىماسلىق كېرەك. يەھۇدىلارنىڭ دۇنيادىكى لوبىلىق تەسىر كۈچى ئىنتايىن كۈچلۈك، بولۇپمۇ ئامېرىكىدا ئالاھىدە بەلگىلىك رولغا ئىگە. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ دۇنياغا ھاكىم بولۇش پىلانى بويىچە بۇ ئويۇننى قالتىس ئويناپ كەلدى، ھېلىھەم ئويناۋاتىدۇ. يەنە بىر مۇھىم مەسىلە خىتاي كوممۇنىست پارتىيىسىنىڭ خەلقىمىزگە قىلغان قىرغىنچىلىق جىنايى قىلمىشىنى دۇنيا سوت مەھكىمىسىگە سۇنۇش لازىم. ئەلبەتتە بۇنىڭدەك بۈيۈك دەۋالارنى سوتقا بېرىشتە پىشقان ۋە قاقۋاش خەلقئارالىق ئادۋوكاتلارغا ئېھتىياجلىق بولىدۇ؛ بۇ ئىشتا ئۇلار تەلەپ قىلغان مەبلەغنى بەرمەي بولمايدۇ. چۈنكى مەسىلىمىزنى خەلقئارا سوتتا كۆن تەرتىپكە كەلتۈرۈش ئۈچۈن بۇنى چوقۇم ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم بولىدۇ. بۇ ھەقتە سىستېمىلىق ۋە جىددى ھەرىكەت قىلىش كېرەك.

مالىيەنىڭ كاپالەتكە ئىگە قىلىنىشى دەۋا يولىمىزدىكى رەھبەرلىرىمىزنىڭ يولىنى تېخىمۇ ئاچىدۇ. ئۇلارنىڭ مۇستەقىل ۋە ئەركىن پىكىر قىلىش روھىنى كۆتۈرىدۇ. بۇنداق بولمىغاندا يېپىنىڭ ئۈچىنى ئۆز قولىدا تۇتالمايدۇ. يېپىنىڭ ئۈچى قولىدا بولمىغان ھەرقانداق دەۋاگەر داۋاملىق ئىستىھكامدىن ئىستىھكامغا چېپىپ يۈرگەندەك قىلغان بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ ئىشى «سەن سال، مەن يېقاي» دېگەن مەنتىق بويىچە، بۇگۈن قىلغانلىرىنى ئەتىسى بۇزۇشتىن باشقا ئىشقا يارىمايدۇ. كۆپ ساندىكى پائالىيەتچىلىرىمىزنىڭ بۇ شەكىلدە ۋاقتىنى زايە قىلىپ، نۇرغۇن ئىقتىسادنى سورۇۋەتكەنلىكىنى كۆرۈۋاتىمىز. ھەممىسى پەردى ۋە يەككە قەھرىمانلىق پىشىدە مىللەتنى قويغا ئوخشاش بىر باغدىن بىر تاغقا باشلاپ، مانا بىر نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتتى. چۈنكى بۇ خىل خاراكتېرگە ئىگە پائالىيەتچىلىرىمىزنىڭ دۇنيا ۋەزىيىتىدىكى يېڭى يۆنىلىشلەرگە قارىتا قانداق پوزىتسىيىدە بولۇش، دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرگە قانداق ئىنكاس قايتۇرۇش تەييارلىقى يوق.شۇڭىمۇ ئۇلار نۆۋەتتىكى ئېغىر ۋەزىيەتتىن چىقىش يولىنى بىلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ چوڭ قىلالايدىغىنى كۆندىلىك سىياسەت ئېلىپ بېرىش. ھېچ بىر تەشكىلاتنىڭ ياكى يەككە رەھبەرلىك دەۋاسى قىلىۋاتقان يېتەكچىلىرىمىزنىڭ دەۋا نامىغا ھازىرغىچە ئۇزۇن مۇددەتلىك بىر پىلان ئوتتۇرىغا قويغىنى يوق. بۇ خىل تۆۋەن سەۋىيە ۋە پىكىر چېچىلاڭغۇلۇقى بىلەن بىز زادى نېمە ئىش قىلالايمىز! ئەسلىدە بۇ تۈر قىيىن مۇجادىلىنى ئۆز قائىدە - پرىنسىپلىرى بويىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن چوقۇم قىسقا ۋە ئۇزۇن مۇددەتلىك پىلان تۈزۈپ ۋە خام چوت تەييارلاپ، ئۇنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ ھېساباتىنى ئەستايىدىللىق بىلەن قىلىش كېرەك ئىدى.

يېقىندىن بېرى خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ يۆنىلىشىدە مەسىلىمىزگە مۇناسىۋەتلىك

بىر قىسىم مۇھىم ئۆزگىرىشلەر بولۇۋاتىدۇ. مەسىلىمىزنىڭ كۆلەملىشىپ تېخىمۇ خەلقئارالىششىشى ياكى تۇغۇلغان يېرىدە دۆلىنىپ دەپنە قىلىنىشى يەنە بىزنىڭ شۇ سىياسىي پائالىيەتچىلىرىمىزنىڭ پاسسىپ ياكى ئاكتىپچانلىق رولىنىڭ تۈرتكىسىدە بولىدۇ. بۇنىڭ تۆگۈنى ئەسلىدە بىر مەنىدىن ئىقتىسادقا بېرىپ تاقاشسا، يەنە بىر مەنىدىن سىياسىي رەھبەرلىرىمىزنىڭ ئادىل، كەسكىن، يىراقنى كۆرەلەيدىغان بولۇشى، ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇشى، ئىسلاھات توغرىسىدىكى تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىنى كۈچەيتىشى، بۈگۈننىڭ مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن تارىخىي تەجرىبىلەرنى دەۋرلەشتۈرەلەيدىغان پاراسەتلىك، بۈگۈننىڭ ئېھتىياجىنى كۆرەلەيدىغان كۆزنەك، شۇنداقلا مەڭگۈلۈك ھەقىقەتلەرگە خىلاپلىق قىلمايدىغان ساداقەتمەن بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى سىياسىي تۈزۈلمە ئىجتىمائىي غايە ۋە ئەقلىي كۈچنىڭ ئىپادە شەكىللىرى ئادەتتە دەۋرىنىڭ ئۆزگىرىشىگە قاراپ ئۆزگىرىشى كېرەك.

بىز تارىخنىڭ ھېچبىر قاتلىمىدا ئۆزىمىزنىڭ قىممەت قاراشلىرىمىزغا ۋە مىللىي ئەنئەنىمىزگە بۈگۈنكىدەك ياتلىشىپ، روھىمىز ئېچىقاپ، مەنىۋىيىتىمىز قاغجىراپ كەتمىگەن بولغىيتتى. شۇڭىمۇ بىز بۈگۈن ئۆزىمىزنىڭ كىملىكىنى، نەدىلىكىنى ئاڭقىرالمايدىغان دەرىجىدە گاڭگىراپ قېلىۋاتىمىز. ھەر كۈنى يېڭى بىر مۇسىبەت خەۋىرى بىلەن كۆڭۈل پەرىيادىمىز پەلەككە يەتمەكتە، كۆڭلىمىزنى غەش قىلىپ، باغرىمىزنى تىلىم - تىلىم قىلىۋاتقان تىراگدىيەلىك ھادىسىلەر ئالدىدا چارىسىزلىكلىرىمىز تۆپەيلى بەزىلىرىمىزنىڭ كۆزىدىن ياش ئورنىغا قان ئېقىۋاتقان ئەھۋاللارمۇ يوق ئەمەس. پۈتۈن ۋۇجۇدىمىز ئازاب، قايغۇ ۋە ئېچىنىشلىق دەرد - ئەلەملەر بىلەن تولغىنىدۇ. قولىمىزدىن بىر ئىش كەلمەسلىكىدەك ئاچچىق ئەلەمگە مۇپتىلا بولدۇق. بۇنداق خاراكتېرى ئېغىر يۈرەك ۋە سىل كېسىلىگە ئوخشاش پاجىئەلەر ئالدىدا ۋاقىت قانچە ئۆزارغانسېرى روھىمىزنىڭ تېخىمۇ ئۆپرىغانلىقىنى، خورىغانلىقىنى، كونىرىغانلىقىنى ھېس قىلىۋاتىمىز. گەرچە، بەزى چاغدا روھىي دۇنيايىمىزغا قىسمەن بولسىمۇ ئۈمىد بېغىشلىغۇچى نەپەسلەرنى، ئىستىقبال ۋەدە قىلغۇچى مەيىن شاماللارنى ھېس قىلغاندەك بولساقمۇ، لېكىن بۇ خىل ھېسنىڭ سېزىمى ئىنتايىن زەئىپ ۋە يوقسۇل، پەۋقۇلئاددە ئاجىز ۋە كۈچسىز. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز كۈنىمىزدە روھىي كېسەللىكلىرىمىزگە دەرمان بولالايدىغان، كېلەچەك ئىستىقبالىمىزغا پارلاق نۇر چاچالايدىغان، روھىي تاكامۇللۇقى بىلەن پۈتۈنلىشىپ، ئۆزىنى خىزمەتكە ئاتىيالايدىغان ساغلام يۈرەك ئەزىمەتلەرگە، يۈكسەك ئىرادىگە ئىگە روھلارغا، ئاكتىپ، سەۋرچان ۋە بەسىرەت ئىنسانلىرىغا بولغان ئېھتىياجىمىزنىڭ كۈنسېرى ئېشىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىۋاتىمىز، لېكىن رېئاللىق مەنزىرىمىزگە نەزەر سالغىنىمىزدا يىللاردىن بېرى ئىچىمىزدىكى بۇ تۇيغۇ ۋە بۇ ھەسرىتىمىزنىڭ روياپقا چىقىشىغا توسالغۇ بولۇپ كەلگەن قارا كۆڭۈل زېھنىيەتلەردىن قۇتۇلالمىغانلىقىمىزنى، ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز بولۇشتىن مەھرۇم قويغان ئالا - تاغىل

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىنچى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

شۇملۇقلاردىن تازىلانمىغانلىقىمىزنى، شۇڭىمۇ مىللەتچە قايتىدىن يېڭىلىنىش روھى يېتىلدۈرەلمەي، ئىسلامنىڭ دەسلەپكى ئەۋلاد روھى بىلەن پۈتۈنلىشەلمەي، ئۆزلۈك كىملىكىمىزگە ئېرىشەلمىگەنلىكىمىزنى كۆرىمىز. بولۇپمۇ، ۋەزىپىسى جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىش، خەلقىمىزنى ئازادلىققا ۋە يۈكسەك ئىنسانىي غايىلەرگە يېتەكلەش بولغان بىر قىسىم ئىلىم ئەھلى، بىلىم ئەربابى، ئايدىڭ زىيالىيلىرىمىز ۋە سىياسىي رەھبەرلىرىمىز ئىچىدىمۇ بۇ خىل ئىللەتلەرگە مۇپتىلا بولغانلارنى، تېلېۋىزور، گېزىت - ژۇرنال ۋە مېدىيالاردا جىق كۆرۈلۈشى، كۆپ ئوقۇلۇشى ئۈچۈن نەپسىنى پىكىر ئىلھامچىسى، مەئىشەتنى رەڭلىك كۆزئەينەك قىلىۋالغان؛ بىلىمگە ئەمەس ئالىملىققا، ھېكمەتكە ئەمەس ھاكىملىققا، ئىزگۈ يۈكسەكلىككە ئەمەس ساختا شۆھرەتكە، پاكلىققا ئەمەس سۈيئىستېماللىققا بېرىلىدىغان روھى پۈچەك شەخسىيەتلەرنى كۆپلەپ ئۇچرىتىمىز. ئەپسۇسكى ئۇلار بۇنداق مەرەز ئىللەتلەرنىڭ ئۇلارنى قەلبى پۈچەكلىك ۋە مەنىۋى ئەلەمدىن قۇتۇلدۇرۇشقا قادىر ئەمەسلىكىنى، ھامان بىر كۈنى ھەشەمەتلىك ساختا لىباسلىرىدىن چىقىرىپ، مەسخىرە مەيدانىدا شەرمەندە قىلىدىغانلىقىنى بىلمەمدىغاندۇ؟! ياكى بىلسىمۇ، ئۇلۇغۋار غايە ۋە قەيسەر ئىرادە ئارقىلىقلا ئۆز قەلبىدە ئۈمىد چىرىغى ياندۇرۇشنىڭ مۇمكىنلىكىگە ئىشەنمەمدىغاندۇ؟! ئىشەنسىمۇ، بىر مىللەت ئۈچۈن ئەڭ ئېغىر ئىللەت ئۇنىڭ جاسارەتسىزلىكى، ساختا ئىپتىخار ۋە سۆلەتلىك ھەشەمەت ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەمدىغاندۇ؟! چۈشەنسىمۇ، ئەخلاقىدا بىشەملىككە، ئېتىقادىدا ئالدامچىلىققا، مۇئامىلىسىدە ھېلىگەرلىككە تولۇپ كەتكەن زېھنىي ۋە روھىي كىرلەردىن تازىلىنىشقا مايىل بولمامدىغاندۇ؟!

توغرا، بۇلار بىزدىن ئۆتكەن خاتالىق. خاتالىق كىمدىن ئۆتكەن بولسا مەيلى، ئۇ ئارقىمىزدا قالسۇن، بۈگۈن ئالدىمىزغا قارايدىغان كۈن، ھەرگىزمۇ قىلمىشىمىزغا ئۆكۈنۈپ، بىر - بىرىمىزگە تاپا - تەنە قىلىدىغان كۈن ئەمەس. بولۇپمۇ بىر بىر - بىرىمىزنىڭ خاتالىقىنى بىرلىشەلمەسلىكىمىزنىڭ، دۈشمەنگە قارشى مىللىي سەپ قۇرالماسلىقىمىزنىڭ باھانىسى قىلىۋالساق بولمايدۇ. ئەيىبنى ئۇلاردىن ياكى بۇلاردىن ئىزدەش ئۆز مەسئۇلىيىتىنى باشقىلارغا ئىتتىرىشتىن باشقا ئىشقا يارىمايدۇ، لېكىن تارىخىي ساۋاقلارنى قوبۇل قىلىش، سەۋەنلىكلەر ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ئۇنى تۈزىتىش ھەممىمىزنىڭ مەسئۇلىيىتى. چۈنكى خاتالىشىش ھەر كىشىنىڭ ئىشى، خاتالىقنى ئېتىراپ قىلىپ، ئۇنى تۈزىتىش ئەر كىشىنىڭ ئىشى.

بۇ ماقالىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: ئاتاۋۇللا سەئىد



لوقمان سۈرىسىدىكى

# باللار بىلەن سۆھبەتلىشىش ئەخلاقى

مۇھەممەد ئەلى ئەلخەلاقى
تەرجىمىدە: فاتىھ بۇغرا

كۈنىمىزدىكى كۆپىنچە مەسىلىلەر ئائىلە ئەزالىرى ئارىسىدىكى پىكىر ئوخشىماسلىقى ۋە ئۆز ئارا پىكىر ئالماشتۇرماسلىقتىن كېلىپ چىقىدۇ، دادا بولغۇچى پەرزەنتلىرىگە ناھايىتى ئاز ۋاقىت ئاجرىتىدۇ، ئانىمۇ ئۆزىنىڭ كۈندىلىك ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش ئۆتىدۇ، باللار بولسا كىمدىن نېمە ئۆگىنىدىغانلىقىنى ۋە دۇچ كەلگەن مەسىلىلەردە كىملەردىن سورايدىغانلىقىنى بىلمىگەچكە ئۇلار چوڭ بولغانسىرى ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەرمۇ تەڭ مۇرەككەپلىشىدۇ؛ ئۇلاردا مەنمەنلىك تۇيغۇسى پەيدا بولىدۇ؛ ئاتا ـ ئانىنىڭ ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلۈشى يېتەرسىز بولغاچقا پەرزەنتلەر ئۇلاردىن يوشۇرۇن بەزى بولمىغۇر ئىشلارنى قىلىدۇ. ئاتا ئانىلىرى ئۇلارغا يېتەرلىك ۋاقىت ئاجراتقان ۋە ئۇلار بىلەن پىكىر بىرلىكى ھاسىل قىلغان ۋە ئۇلار شۇ ئاساستا چوڭ بولغان بولسا ئىدى، باللار كۆپىنچە مەسىلىلىرىنى ھەل قىلغان ۋە قىيىنچىلىقلىرىنى يېڭىپ چىققان بۇلاتتى.

شۇنىڭ ئۈچۈن دەيمىزكى، سۆھبەتلىشىپ تۇرۇش ئەۋلادلار ئارىسىدىلا ئەمەس، بەلكى ئەر ـ خوتۇنلۇق تۇرمۇشتا ئائىلىۋى تەربىيەدىكى ھەر تەرەپتە ناھايىتى مۇھىم ھېسابلىنىدىغان، چوڭ ـ كىچىك ھەممىنىڭ ئېھتىياجى بولغان مۇھىم مەسىلىدۇر.

قۇرئان كەرىمدە سۆھبەتلىشىش شەكىللىرى ناھايىتى كەڭ بايان قىلىنغان بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئادەم ئاتىمىزنى يارىتىشنى ئىرادە قىلغاندا، پەرىشتىلەر بىلەن سۆھبەتلەشكەن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ۋەقە قانداقتۇر بىر ئىشتا پىكىر ئوخشىماسلىقى ۋە ئىختىلاپ يۈز بەرگەندە، سۆھبەتلىشىش ئارقىلىق ھەل قىلىشىمىزنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى بىزگە تەلىم بېرىدۇ.

بىز ھەر جۈمە كۈنى ئوقۇيدىغان كەھف سۈرىسىدىمۇ مۇئمىن بىلەن كاپىر

ئوتتۇرىسىدىكى مۇنازىرە شەكلىنى ۋە ئۇلارنىڭ مۇنازىرىلىرىنى بايان قىلغان. بۇ سۈرىدە كاپىر ئۆزىنىڭ سۆزىنى مال مۈلكى، مەنسىپى، بالىچاقىلىرى، ئەھلى-جامائىتى بىلەن پەخىرلىنىش ۋە ئۇلارنى كۆز-كۆز قىلىش بىلەن باشلىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَكَانَ لَهُ ثَمَرٌ فَقَالَ لِصَاحِبِهِ وَهُوَ يُحَاوِرُهُ أَنَا أَكْثَرُ مِنْكَ مَالًا وَأَعَزُّ نَفَرًا﴾ «ئۇ نۇرغۇن مالمۈلۈككە ئىگە ئىدى، ئۇ بۇرادىرىگە پەخىرلىنىپ: ‹مەن سەندىن باي، ئادەملىرىم سېنىڭدىن كۆپ› دېدى».[1]

مۇئمىن كىشى ئۇنىڭغا قايتۇرغان جاۋابىدا ئاللاھ تائالانىڭ ئۇ كاپىرنى يوقتىن بار قىلغانلىقى ۋە كاپىرنىڭ كۈچ قۇدرىتىنىڭ سىرتىدىكى نۇرغۇن نېمەتلەرنى بەرگەنلىكى، شۇنداق تۇرۇقلۇق ئاللاھ تائالاغائاسىيلىق قىلىشىنىڭ توغرا ئەمەسلىكى ھەققىدە نەسىھەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿قَالَ لَهُ صَاحِبُهُ وَهُوَ يُحَاوِرُهُ أَكَفَرْتَ بِالَّذِي خَلَقَكَ مِنْ تُرَابٍ ثُمَّ مِنْ نُطْفَةٍ ثُمَّ سَوَّاكَ رَجُلًا﴾ «ئۇنىڭغا بۇرادىرى مۇنازىرىلەشكەن ھالدا ئېيتتى: «سېنى ئەسلىدە تۇپراقتىن، ئاندىن ئابمەنىيدىن يارىتىپ، ئاندىن سېنى راۋۇرۇس ئىنسان قىلغان زاتنى ئىنكار قىلامسەن»».[2]

ۋە يەنە مۇجادەلە سۈرىسىدىمۇ سۆئلەبەنىڭ قىزى خەۋلە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغايولدىشى ئەۋسنىڭ ئۇنى ئانىسىغا ئوخشىتىپ تالاق (زىھار) قىلغانلىقىنى شىكايەت قىلىپ كەلگەن بولۇپ، ئاللاھ تائالا بۇ ۋەقەنى مۇنداق بايان قىلغان: ﴿قَدْ سَمِعَ اللَّهُ قَوْلَ الَّتِي تُجَادِلُكَ فِي زَوْجِهَا وَتَشْتَكِي إِلَى اللَّهِ وَاللَّهُ يَسْمَعُ تَحَاوُرَكُمَا إِنَّ اللَّهَ سَمِيعٌ بَصِيرٌ﴾ «ئاللاھ ھەققەتەن ئېرى توغرىسىدا سەن بىلەن مۇنازىرىلەشكەن ۋە ئاللاھقا شىكايەت قىلغان ئايالنىڭ سۆزىنى ئاڭلىدى، ئاللاھ ئىككىڭلارنىڭ سۆزۈڭلارنى ئاڭلاپ تۇراتتى، ئاللاھ ھەققەتەن ئاڭلىغۇچىدۇر كۆرگۈچىدۇر.»[3]

لوقمان سۈرىسىدە سۆزلەنگەن مېھرىبان دادىنىڭ ئوغلىغا قىلغان گۈزەل نەسىھەتلىرى ۋە ئۆگىتىشلىرى مۇھىم تەلىماتلىرى دىققىتىمىزنى تارتىدۇ. چۈنكى ھەزرىتى لوقمان ئوغلىغا قىلغان نەسىھەتلىرىدە مېھرى-مۇھەببەت، كۆيۈمچانلىق بىلەن سۆز باشلاپ ناھايىتى مۇھىم تەۋسىيەلەردە بولىدۇ. تەربىيە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش كۆيۈمچانلىق بىلەن بولغاندا، ئۇنۇمى كۆرۈنەرلىك ياخشى بولىدۇ. ئۇنداق بولماي قوپاللىق بىلەن خاتائۇسلۇپتا قىلىنغان نەسىھەت ناھايىتى تېزلا ئۇنتۇلۇپ كېتىشى ھەم ئۇنۇمى بولماسلىقى مۇمكىن.تۆۋەندە بۇ كۆيۈمچان دادىنىڭ ھېكمەت بىلەن قىلغان نەسىھىتىنى ئويلىنىپ باقايلى. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ سۆزىنى ھېكايە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِذْ قَالَ لُقْمَانُ لِابْنِهِ وَهُوَ يَعِظُهُ يَا بُنَيَّ لَا تُشْرِكْ بِاللَّهِ إِنَّ الشِّرْكَ لَظُلْمٌ عَظِيمٌ﴾ «ئۆز ۋاقتىدا لوقمان ئوغلىغا نەسىھەت قىلىپ: «ئى ئوغۇلچىقىم، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمىگىن، شېرىك كەلتۈرۈش ھەققەتەن زور گۇناھتۇر» دېدى.»[4]

[1] كەھف سۈرىسى: 43-ئايەت.
[2] كەھف سۈرىسى: 73-ئايەت.
[3] مۇجادەلە سۈرىسى: 1-ئايەت.
[4] لوقمان سۈرىسى: 31-ئايەت.

دادا ـ بالا ئوتتۇرىسىدىكى بۇ سۆھبەت چاقىرىش تەلەپپۇزىدىكى «ئى ئوغۇلچىقىم!» دېگەن سۆز بىلەن باشلاندى.چۈنكى بۇ سۆز بالىنى دادىغا يېقىنلاشتۇرىدىغان، بالىغا خاتىرجەملىك تۇيغۇسى بېغىشلايدىغان، شۇنداقلا بالىنىڭ قەلبىدە دادىنىڭ ئوبرازىنى ناھايىتى مۇھىم ھېس قىلدۇرىدىغان سۆزدۇر. ئاللاھ تائالانىڭ لوقمان ئوغلىغا «نەسىھەت قىلىۋېتىپ» دېگەن سۆزى باشقىلارغا نەسىھەت قىلىشتىكى ئالتۇن قائىدە ھېسابلىنىدىغان «نەسىھەتنى مۇناسىپ ۋاقىت ۋە مۇناسىپ شارائىتتا قىلىش» تىن ئىبارەت مۇھىم قائىدىگە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاممۇ مۇشۇ قائىدىگە ئەھمىيەت بەرگەن ئاساستا ساھابىلەرگە نەسىھەت قىلغان ۋاقىتتا مۇشۇ تەرەپلەرگە ناھايىتى دىققەت قىلاتتى. چۈنكى ئۇنداق بولمىغاندا، نەسىھەت ئاڭلىغۇچى زېرىكىپ قېلىپ، مۇھىم تەۋسىيەلەردىن مەھرۇم قالاتتى.

بۇ ئايەتتە سۆزلەنگىنىدەك ھەزرىتى لوقماننىڭ ئوغلى نەسىھەت ئاڭلاشقا تەييارلانغاندا، ئوغلىغا ئىنسان ھاياتىدىكى ئەڭ مۇھىم نەرسىدىن باشلىدى. ئۇ بولسىمۇ ئاللاھ تائالانىڭ تۆۋەندىكى سۆزىدۇر: «ئۆز ۋاقتىدا لوقمان ئوغلىغا نەسىھەت قىلىپ: «ئى ئوغۇلچىقىم، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمىگىن، شېرىك كەلتۈرۈش ھەقىقەتەن زور گۇناھتۇر» دېدى.»

بۇ ھەزرىتى لوقماننىڭ بىرىنچى ۋەسىيىتىدۇر. بۇ ۋەسىيەتتە ھەزرىتى لوقمان ئوغلىنى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمەسلىككە، تەۋھىدكە چىڭ ئېسىلىشقا بۇيرۇيدۇ. يەنى ھەزرىتى لوقمان بۇ ۋەسىيەتتە ئاللاھ تائالا پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەۋەتكەن، كىتابلارنى شۇنىڭ ئۈچۈن چۈشۈرگەن ئەڭ ئۇلۇغ مەقسەتلەرنىڭ مۇھىمى بولغان ئاللاھنى بىر دەپ ئېتىقاد قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَقَدْ بَعَثْنَا فِي كُلِّ أُمَّةٍ رَسُولًا أَنِ اعْبُدُوا اللَّهَ وَاجْتَنِبُوا الطَّاغُوتَ﴾ «بىز ھەقىقەتەن ھەر بىر ئۈممەتكە: «ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، شەيتاندىن يىراق بولۇڭلار» دەپ پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق.» [1]

ھەزرىتى لوقمان ئوغلىنىڭ «دادا! مېنى نېمە ئۈچۈن ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمەسلىككە بۇيرۇيسىز؟» دەپ سوئال سورىشىنى پەملىگەندەكلا ئۇنىڭغا بۇيرۇشىدىكى سەۋەبنى بايان قىلىپ ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشنىڭ چوڭ زۇلۇم ئىكەنلىكىنى، ئەگەر شېرىك كەلتۈرگەندە ئىنسان ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان بولىدىغانلىقىنى بايان قىلدى. ئەمەلىيەتتىمۇ ئەيىب ـ نۇقساندىن خالى بولالمايدىغان يارالغۇچى بىلەن ھەممىگە قادىر ياراتقۇچىنى ئوخشاش كۆرۈشتىنمۇ كاتتا زۇلۇم ۋە ھەددىدىن ئېشىش بولمىسا كېرەك.

ئاللاھنى بىر دەپ بىلىش ۋە ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرمەسلىككە بۇيرۇغاندىن كېيىنكى ئىككىنچى ۋەسىيەت ئاللاھ تائالانىڭ تۆۋەندىكى سۆزىدۇر: ﴿وَوَصَّيْنَا الْإِنْسَانَ بِوَالِدَيْهِ حَمَلَتْهُ أُمُّهُ وَهْنًا عَلَى وَهْنٍ وَفِصَالُهُ فِي عَامَيْنِ أَنِ اشْكُرْ لِي وَلِوَالِدَيْكَ إِلَيَّ الْمَصِيرُ وَإِنْ جَاهَدَاكَ عَلَى أَنْ تُشْرِكَ بِي مَا لَيْسَ لَكَ بِهِ عِلْمٌ فَلَا تُطِعْهُمَا وَصَاحِبْهُمَا فِي الدُّنْيَا مَعْرُوفًا وَاتَّبِعْ سَبِيلَ مَنْ أَنَابَ إِلَيَّ ثُمَّ إِلَيَّ مَرْجِعُكُمْ

[1] نەھل سۈرىسى: 63 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

﴿فَأُنَبِّئُكُمْ بِمَا كُنْتُمْ تَعْمَلُونَ﴾ «ئىنساننى ئاتا ـ ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇدۇق. ئانىسى ئۇنى ـ قورسىقىدا ـ ئۇستى ـ ئۇستىگە ئاجىزلىق بىلەن كۆتۈردى. ئىككى يىلدا ئۇنى ئەمچەكتىن ئايرىدى. ـ ئى ئىنسان! ـ ماڭا ۋە ئاتا ـ ئاناڭغا شۈكۈر قىلغىن، ئاخىر قايتىدىغان جاي مېنىڭ دەرگاھىمدۇر. ئەگەر ئاتا ـ ئاناڭ سېنى سەن بىلمەيدىغان نەرسىنى ماڭا شېرىك كەلتۈرۈشكە زورلىسا، ئۇلارغا ئىتائەت قىلمىغىن، ئۇلارغا دۇنيادا ياخشى مۇئامىلىدە بولغىن، ماڭا تائەت بىلەن قايتقان ئادەمنىڭ يولىغا ئەگەشكىن، ئاندىن مېنىڭ دەرگاھىمغا قايتىسىلەر، سىلەرگە قىلمىشىڭلارنى ئېيتىپ بېرىمەن» [1]

ھەزرىتى لوقمان ئوغلىغا تەۋھىدتىن ئىبارەت مۇھىم ۋەسىيەتنى قىلغاندىن كېيىن ئىككىنچى مۇھىم ۋەسىيەت بولغان ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش ھەققىدە سۆز قىلدى. چۈنكى ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىشنىڭ ئىسلامدىكى ئورنى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىشنىڭ پەزىلىتى ۋە ئاسىيلىق قىلىشنىڭ ـ بولۇپمۇ ئۇلار ياشىنىپ قالغاندا ـ ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىشنىڭ گۇناھى ۋە جازاسى ھەققىدە نۇرغۇن ئايەت ھەدىسلەر كەلگەن.

ھەزرىتى لوقمان ئوغلىنىڭ سوراش ئېھتىمالى بولغان (پەرزەنت ئۇستىدە ئانىنىڭ ھەققى چوڭمۇ دادىنىڭمۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئۇ ئىككىسىگە ئىتائەت قىلىش ۋە ياخشىلىق قىلىش پەرز بولىدۇ؟ دېگەندەك سوئاللارغا جاۋاپ بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئەي بالام! ئاتا ـ ئانىنىڭ ھەر ئىككىلىسىنىڭ ھەققى چوڭدۇر. ئەمما دادىغا قارىغاندا ئانىنىڭ ھەققى بەكرەك چوڭ. چۈنكى ئانا توققۇز ئاي ئون كۈن قورساق كۆتىرىدۇ؛ ئاندىن تۇغقاندىمۇ ناھايىتى قىيىن ۋاقىتلارنى باشتىن ئۆتكۈزىدۇ؛ ئاندىن كېيىن ئىككى يىل ئەتراپىدا بالىنى ئېمىتىدۇ. سىز قورساقتىكى ۋاقتىڭىزدا ئاندىن غىزالىنىسىز، ئۇنىڭ يېگەن نەرسىلىرىدىن تەڭ ئوزۇقلىنىسىز؛ ئۇنىڭ بەدىنى ئاجىزلايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئانا ناھايىتى بەكمۇ كۆيۈنۈشكە ۋە ياخشىلىق قىلىشقا ئېھتىياجلىقتۇر دەپ، بالىسىغا تېخىمۇ تەپسىلى چۈشەنچە بەردى.

ئانىنىڭ بالا ئۇستىدىكى ھەققىنىڭ كاتتا ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان ھەدىسلەردىن بىرى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى بولۇپ، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھوزۇرىغا كېلىپ مۇنداق دېدى: ‹يا رەسۇلەللاھ! مېنىڭ ياخشى مۇئامىلىدە بولۇشۇمغا ئەڭ ھەقلىق كىشى كىم؟› پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جاۋاپ بېرىپ: ‹ئاناڭ› دېدى. ئۇ ئادەم: ‹ئاندىن كېيىنچۇ؟›پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹ئاناڭ›. ئۇ ئادەم: ‹ئاندىن كېيىنچۇ؟› پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹ئاناڭ› دېدى. ئۇ ئادەم: ‹ئاندىن كېيىنچۇ؟›پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹داداڭ› دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۆتىنچى قېتىمدا «داداڭ» دەپ جاۋاپ بەردى.[2] بۇنىڭدىنمۇ

[1] لوقمان سۈرىسى: 41 ـ 51 ـ ئايەتلەر.
[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم.

ئاننىڭ بالا ئۈستىدىكى ھەقىقىي ناھايىتى يۇقىرى ۋە چوڭ ئىكەنلىكىنى بىلشۋالالايمىز.

ھەزرىتى لوقمان ئوغلىنىڭ سوراش ئېھتىمالى بولغان «ئى دادا! ئاتا ـ ئانىغا ھەر قانداق شارائىتتا مۇتلەق ئىتائەت قىلامدۇق؟» دېگەن سوئالغا ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزى بىلەن جاۋاپ بەردى: «ئەگەر ئاتا ـ ئاناڭ سېنى سەن بىلمەيدىغان نەرسىنى ماڭا شېرىك كەلتۈرۈشكە زورلىسا، ئۇلارغا ئىتائەت قىلمىغىن، ئۇلارغا دۇنيادا ياخشى مۇئامىلىدە بولغىن.» بۇ ئايەتتىن شۇ مەلۇم بولىدۇكى، ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق بولمايدىغان، ئىسلامغا زىت كەلمەيدىغان ئىشلاردا ئاتا ـ ئانىغا ئىتائەت قىلىش پەرزدۇر. ئاتا ـ ئاناڭ سېنى بىرەر گۇناھ ـ مەئسىيەتكە بۇيرىسا، ئۇ ئىشتا ئۇلارغا ئىتائەت قىلماسلىق بىلەن گۇناھكار بولمايسەن. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ياراتقۇچى ئاللاھقا ئاسىيلىق بولىدىغان ئىشتا يارالغۇچى ئىنسانغا ئىتائەت قىلىش يوقتۇر».[1] بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋالالايمىزكى، ئاتا ـ ئانا ئىنساننىڭ دۇنياغا كېلىشىگە سەۋەب بولغاچقا گەرچە ئۇ ئىككىيلەن كاپىر بولغان تەقدىردىمۇ ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىش، مېھرىبانلىق قىلىش زۆرۈردۇر ۋە مەجبۇرىيەتتۇر.

ھەزرىتى لوقماننىڭ ئوغلىغا قىلغان ئۈچىنچى نەسىھىتى ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىدۇر: ﴿يَا بُنَيَّ إِنَّهَا إِنْ تَكُ مِثْقَالَ حَبَّةٍ مِنْ خَرْدَلٍ فَتَكُنْ فِي صَخْرَةٍ أَوْ فِي السَّمَاوَاتِ أَوْ فِي الْأَرْضِ يَأْتِ بِهَا اللَّهُ إِنَّ اللَّهَ لَطِيفٌ خَبِيرٌ﴾ «لوقمان ئېيتتى: «ئى ئوغۇلچىقىم! قىلمىشىڭ قىچا چاغلىق نەرسە بولۇپ، ئۇ ئۇيۇل تاشنىڭ ئىچىدە يا ئاسمانلارنىڭ قېتىدا ياكى زېمىننىڭ ئاستىدا بولسىمۇ، ئاللاھ ئۇنى ھازىر قىلىدۇ. ئاللاھ ھەقىقەتەن ئىنچىكە كۆزەتكۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر».[2]

ھەزرىتى لوقمان بۇ ۋەسىيەتتە ئاللاھ تائالانىڭ ھەممە ئىشلاردىن خەۋەردار بولۇپ چوڭ ئىشلاردىن تارتىپ ئەڭ كىچىك ئىشلارغىچە ھەممىنى بىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى سۆزلەش ئارقىلىق ئوغلىنى ياخشى ئىشلارغا قىزىقتۇرۇپ، يامان قىلمىشلاردىن ئاگاھلاندۇرىدۇ. بۇ يەردىمۇ ھەم ھەزرىتى لوقمان ئوغلىنىڭ ئى دادا! ئەگەر مەن بىر خاتالىق ئۆتكۈزسەم مېنى ھېچكىم كۆرمىسە، ئاللاھ مەن قىلغان بۇ خاتالىقنى قانداقمۇ بىلەلەيدۇ؟ دېگەن سوئالغا ئاللاھ تائالانىڭ كامالى قۇدرىتىنى بايان قىلىپ مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ: «ئەي بالام! ئەگەر سەن قىلغان خاتالىق قىچا چاغلىق كىچىك بولسىمۇ، ئۇ ئىشنى ئەڭ قاراڭغۇ يەردە، ئەڭ مەخپى قىلساڭمۇ ئاللاھ ئۇنى بىلىپ تۇرىدۇ دەپ، كىچىك بالىنىمۇ زېرىكتۈرۈۋەيدىغان، ھەم ئېسىدىن چىقمايدىغان، زېھنىگە ئورناپ قالىدىغان شەكىلدە تېخىمۇ چۈشىنىشلىك بولسۇن دەپ، ئەڭ كىچىك بىر داننى مىسال قىلىپ كەلتۈرۈپ نەسىھەت قىلىدۇ. بۇمۇ نەسىھەت

[1] ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان، سەھىھ ھەدىس.
[2] لوقمان سۈرىسى: 61 ـ ئايەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىخەتەر يۈكلەش بىكىتى
www.uyghurkitap.com

قىلىشتىكى مۇھىم قائىدىلەردىن بىرىدۇر.

ھەزرىتى لوقمان يۇقىرىدىكى ئۈچ تۈرلۈك ۋەسىيەتتە ئاللاھنى بىر دەپ ئېتىقاد قىلىش، ئاتا-ئانىغا ئىتائەت قىلىش ۋە ئاللاھنىڭ ھەر ئىشنى بىلىپ تۇرىدىغانلىقى ھەققىدە توختالغاندىن كېيىن، تۆتىنچى ۋەسىيەتنى مۇنداق باشلايدۇ: ﴿يَا بُنَيَّ أَقِمِ الصَّلَاةَ﴾ «ئى ئوغۇلچىقىم! نامازنى ۋاقتىدا تەئدىل ئەركان بىلەن ئوقۇغىن.»[1] ھەزرىتى لوقمان ئوغلىغا ئەقىدىنىڭ تۈپ يىلتىزىنى ئۆگەتكەندىن كېيىن، ئىسلامنىڭ تۈرۈكى، بەدەن بىلەن قىلىدىغان ئىبادەتلەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى، پەيغەمبىرىمىزنىڭ «ناماز كاپىرلار بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدىكى ئەھدىدۇر، كىمكى نامازنى تەرك ئەتسە كاپىر بولىدۇ»[2] دېگەن ھەدىستە كۆرسەتكىنىدەك مۆئمىن بىلەن كاپىرنىڭ ئوتتۇرىسىنى ئايرىپ تۇرىدىغان ۋە ئىسلامنىڭ ئىككىنچى رۇكنى ھېسابلىنىدىغان نامازغا كۆڭۈل بۆلۈشنى ۋەسىيەت قىلدى. چۈنكى ناماز بەندە بىلەن رەببى ئوتتۇرىسىدىكى ئەھدىدۇر. بەندە ناماز ئارقىلىق رەببىگە يېقىنلىشىدۇ ۋە مۇناجات قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: «ئى بىلال! بىزنى ناماز بىلەن راھەتلەندۈرگىن»[3] دېگىنىدەك ئىنسان قەلبى ناماز ئارقىلىق راھەتلىنىدۇ. ھەزرىتى لوقمان بۇ ۋەسىيەتتە ئوغلىغا ناماز ئوقۇ دېمەي نامازنى تەئدىل ئەركانلىرى بىلەن ئاللاھ تائالانى ھازىر مېنى كۆرۈپ تۇرىدۇ، دەپ تۇرۇپ، ئۆز ۋاقتىدا ئادا قىلغىن دېگەن مەنانى بىلدۈرىدىغان ﴿أقم الصلاة﴾ دېگەن جۈملە بىلەن بۇيرىدى. ئاللاھ تائالا بىز مۆئمىنلەرنى نامازنى ۋاقتىدا ئادا قىلىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ الصَّلَاةَ كَانَتْ عَلَى الْمُؤْمِنِينَ كِتَابًا مَوْقُوتًا﴾ «شۈبھىسىزكى، ناماز مۆئمىنلەرگە ۋاقتى بەلگىلەنگەن پەرز قىلىندى.»[4] يەنە بىر ئايەتتە مۆئمىننىڭ نىجاتلىقى ئېرىششىنى نامازنى ئاللاھتىن ئەيمىنىپ تۇرۇپ ئادا قىلىشقا باغلاپ مۇنداق دېدى: ﴿قَدْ أَفْلَحَ الْمُؤْمِنُونَ الَّذِينَ هُمْ فِي صَلَاتِهِمْ خَاشِعُونَ﴾ «مۆئمىنلار ھەقىقەتەن بەختكە ئېرىشتى. ئۇلار نامازلىرىدا ئەيمىنىپ تۇرغۇچىلاردۇر.»[5]

ھەزرىتى لوقماننىڭ ئوغلىغا قىلغان بەشىنچى ۋەسىيىتى ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىدۇر: ﴿وَأْمُرْ بِالْمَعْرُوفِ وَانْهَ عَنِ الْمُنْكَرِ﴾ «كىشىلەرنى ياخشىلىققا بۇيرۇغىن، يامانلىقتىن توسقىن.»[6]

ھەزرىتى لوقمان بۇ ۋەسىيىتىدە ئوغلىغا كىشىلەرنى ئاللاھ تائالاغا ۋە رەسۇلۇللاھقا ئىتائەت قىلىشقا، ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا، كىشىلەرنى سۆزى ۋە ئەمەلىي ھەرىكەتلىرى

[1] لوقمان سۈرىسى: 71-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] تىرمىزى، نەسائى، ئىبنى ماجە ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان، سەھىھ ھەدىس.
[3] ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى، سەھىھ ھەدىس.
[4] نىسا سۈرىسى: 301-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[5] مۆئمىن سۈرىسى: 1-2-ئايەتلەر.
[6] لوقمان سۈرىسى: 71-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بىلەن ئاللاھقا دەۋەت قىلىشقا بۇيرۇيدۇ.شۇنىڭ بىلەن بىرگە سۆزى ۋە ئەمەلىي ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق كىشىلەرنى گۇناھ ـ مەئسىيەتلەردىن توسۇپ، ئاسىيلىق قىلىشتىن قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇشقا بۇيرۇيدۇ. چۈنكى بىر ئۈممەتنىڭ شان ـ شەرىپى ئۈممەت ئىچىدە ياخشىلىققا بۇيرۇش ۋە يامانلىقتىن توسۇشتىن ئىبارەت ئىككى ئىبادەت ئارقىلىق ئۈستۈن بولىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿كُنْتُمْ خَيْرَ أُمَّةٍ أُخْرِجَتْ لِلنَّاسِ تَأْمُرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَتَنْهَوْنَ عَنِ الْمُنْكَرِ وَتُؤْمِنُونَ بِاللَّهِ وَلَوْ آمَنَ أَهْلُ الْكِتَابِ لَكَانَ خَيْرًا لَهُمْ مِنْهُمُ الْمُؤْمِنُونَ وَأَكْثَرُهُمُ الْفَاسِقُونَ﴾ «(ئى مۆئمىنلەر!) سىلەر ئىنسانلار مەنپەئىتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان، كىشىلەرنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسىدىغان، ئاللاھقا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر. ئەگەر ئەھلى كىتاب ئىمان ئېيتقان بولسا، ئۇلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە ياخشى بولاتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە مۆئمىنلەرمۇ بار، ئۇلارنىڭ تولىسى پاسىقلاردۇر.»[1] يەنە ئاللاھ تائالا بەنى ئىسرائىلنىڭ بۇ ۋەزىپىگە سەل قارىغانلىقىنى ئەيىپلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿كَانُوا لَا يَتَنَاهَوْنَ عَنْ مُنْكَرٍ فَعَلُوهُ لَبِئْسَ مَا كَانُوا يَفْعَلُونَ﴾ «ئۇلار ئۆزلىرى قىلغان يامان ئىشلاردىن بىر ـ بىرىنى توسمايتتى؛ ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى نېمىدېگەن يامان!»[2]

ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسۇش خىزمىتى ئىلىم بىلەن بولۇشى لازىم. ئۇنداق بولمىغاندا بۇ كىشى ئۆزى بىلمەيدىغان بىرەر خاتا ئىشقا بۇيرۇپ سېلىشى ياكى بىلمەيدىغان بىرەر ياخشىلىقتىن چەكلەپ قويۇشى مۇمكىن، يەنە بىرگە كىشىلەر بۇ دەۋەتچىنىڭ سۆزىگە قۇلاق سېلىشى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىن قېچىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن كىشىلەرگە كۆيۈنۈشى ۋە مېھرىبانلىق قىلىشى لازىم. ھەزرىتى لوقمانمۇ ئوغلىغا كۆيۈمچانلىق، مېھرىبانلىق بىلەن قىلىۋاتقان ۋەسىيىتىدە بۇ قائىدىلەرگە ئۇيغۇن ھالدا تەربىيە قىلىۋاتىدۇ.

ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇش يامان ئىشلاردىن توسۇش ئۈچۈن ھەر تۈردىكى خىلمۇ ـ خىل مىجەزدىكى كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىشقا توغرا كەلگەچكە، دەۋەتچى بەزى كىشىلەر تەرەپتىن ئەزىيەتكە ئۇچرىشى مۇمكىن. ھەزرىتى لوقمان ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇش يامان ئىشلاردىن توسۇشتىن ئىبارەت بۇ ۋەسىيەتتىن كېيىن ئوغلىغا مۇنۇ ۋەسىيەتلەرنى قىلىدۇ: ﴿وَاصْبِرْ عَلَى مَا أَصَابَكَ إِنَّ ذَلِكَ مِنْ عَزْمِ الْأُمُورِ﴾ «ساڭا يەتكەن كۆلپەتلەرگە سەۋر قىلغىن، شەكسىزكى بۇلار مۇستەھكەم ئىرادە تەلەپ قىلىدىغان ئىشلاردىندۇر»[3] كىشىلەرنى ياخشىلىققا بۇيرۇغان يامان ئىشلاردىن توسقان كىشى ئۇلار تەرەپتىن ئەزىيەتكە ئۇچرايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەزرىتى لوقمان ئوغلىغا كىشىلەرنىڭ ئەزىيەتلىرىگە سەۋر قىلىپ يولىنى داۋاملاشتۇرۇش، ھەققى ئىمان ئەھلىنىڭ سۈپىتى

[1] ئال ئىمران سۈرىسى: 011 ـ ئايەت.
[2] مائىدە سۈرىسى: 97 ـ ئايەت.
[3] لوقمان سۈرىسى: 71 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ۋە ئىرادىسىنىڭ كۈچلۈكلىكى ھېسابلىنىدىغانلىقى، ھەم ئېسىل ئەخلاق جۈملىسىدىن ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ ھەدىسىدىمۇ كىشىلەرنىڭ ئەزىيىتىگە سەۋر قىلىپ، قىلمىشلىرىغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشنىڭ ئىنساننى داۋاملاشتۇرغان كىشىنىڭ پەزىلىتىنى تەكىتلەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: «كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىپ ئۆتكەن ۋە ئۇلارنىڭ ئەزىيىتىگە سەۋر قىلغان كىشىنىڭ ئەجرى، كىشىلەر بىلەن ئارىلاشمايدىغان، ئۇلارنىڭ ئەزىيەتلىرىگە سەۋر قىلالمايدىغان كىشىلەردىن كاتتىدۇر».[1]

ھەزرىتى لوقمان ئوغلىغا قىلغان ئالتىنچى ۋەسىيەتتە كىشىلەر بىلەن بولغان مۇئامىلىدە ئەدەپ ئەخلاقلىق بولۇشقا بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَا تُصَعِّرْ خَدَّكَ لِلنَّاسِ﴾ «كىشىلەردىن مەنسىمەسلىك بىلەن يۈز ئۆرۈمىگىن»[2]

ھەزرىتى لوقمان ئوغلىنى كىشىلەرنى كىچىك كۆرۈپ مەيلى سۆزدە مەيلى ئىش ھەرىكەتتە، ئىشارەتتە بولسۇن كەمسىتىشتىن چەكلەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ بولمىغۇر قىلىقتىن چەكلەپ مۇنداق دېگەن: «قەلبىدە زەررىچىلىك تەكەببۇرلۇق بار ئادەم جەننەتكە كىرمەيدۇ» . بىر ئادەم «ھەقىقەتەن كىشى ئۆزىنىڭ كىيىمى ۋە ئايىغىنىڭ چىرايلىق بولۇشىنى ياخشى كۆرىدۇ» دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھ تائالا گۈزەلدۇر، گۈزەللىكنى ياقتۇرىدۇ، تەكەببۇرلۇق دېگەن ھەق گەپكە ئۇنىماسلىق، كىشىلەرنى كۆزگە ئىلمەسلىكتۇر» دېدى.[3]

ھەزرىتى لوقماننىڭ ئوغلىغا قىلغان يەتتىنچى ۋەسىيىتى ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىدۇر: ﴿وَلَا تَمْشِ فِي الْأَرْضِ مَرَحًا إِنَّ اللَّهَ لَا يُحِبُّ كُلَّ مُخْتَالٍ فَخُورٍ﴾ «زېمىندا غادىيىپ ماڭمىغىن، ئاللاھ ھەقىقەتەن ھاكاۋۇر، ئۆزىنى چوڭ تۇتقۇچىلارنى دوست تۇتمايدۇ.»[4]

ھەزرىتى لوقمان ئوغلىنى كىشىلەرگە چوڭچىلىق قىلىشتىن، ئۆزگىگە تەمەننا قىلىشتىن توسىدۇ ۋە كىشىلەرگە كەمتەرلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا، يۈرۈش-تۇرۇشلىرىغا دىققەت قىلىشقا، ھەتتاكى يولدا ماڭغاندىمۇ تەكەببۇرلۇق قىلىپ غادىيىپ ماڭماسلىققا بۇيرۇيدۇ.ئاندىن كېيىن ھەزرىتى لوقمان ئوغلىنىڭ زېھنىگە كەلگەن «نېمە ئۈچۈن يولدا ماڭغاندا ئۆزىمىزنى چوڭ تۇتقان ھالدا ماڭساق بولمايدۇ؟» دېگەن سوئالغا «ئاللاھ ھەقىقەتەن ھاكاۋۇر، ئۆزىنى چوڭ تۇتقۇچىلارنى دوست تۇتمايدۇ، بەلكى ئۇنداق كىشىلەرنى يامان كۆرىدۇ» دەپ، جاۋاب بېرىدۇ. شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك قىلىپ ئاللاھ تائالا بىز ئۈممەتكە پىرئەۋننىڭ ياردەمچىسى قارۇننىڭ كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئالتۇن-كۈمۈش، مال-مۈلۈكلىرى بىلەن پەخىرلىنىپ كىشىلەرگە چوڭچىلىق قىلغانلىقىنى ۋە ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى، ئۇنى زېمىنغا يۇتقۇزۇۋەتكەنلىكىنى

[1] ئىبنى ماجە ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان، سەھىھ ھەدىس.
[2] لوقمان سۈرىسى: 81-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] مۇسلىم.
[4] لوقمان سۈرىسى: 81-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.



www.uyghurkitap.com

بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَخَرَجَ عَلَى قَوْمِهِ فِي زِينَتِهِ قَالَ الَّذِينَ يُرِيدُونَ الْحَيَاةَ الدُّنْيَا يَا لَيْتَ لَنَا مِثْلَ مَا أُوتِيَ قَارُونُ إِنَّهُ لَذُو حَظٍّ عَظِيمٍ وَقَالَ الَّذِينَ أُوتُوا الْعِلْمَ وَيْلَكُمْ ثَوَابُ اللَّهِ خَيْرٌ لِمَنْ آمَنَ وَعَمِلَ صَالِحًا وَلَا يُلَقَّاهَا إِلَّا الصَّابِرُونَ فَخَسَفْنَا بِهِ وَبِدَارِهِ الْأَرْضَ فَمَا كَانَ لَهُ مِنْ فِئَةٍ يَنْصُرُونَهُ مِنْ دُونِ اللَّهِ وَمَا كَانَ مِنَ الْمُنْتَصِرِينَ﴾ «قارۇن ئۆز قەۋمىنىڭ ئالدىغا بارلىق زىننىتى بىلەن ھەشەمەتلىك ھالدا چىقتى. دۇنيا تىرىكچىلىكىنى كۆزلەيدىغانلار: «كاشكى بىزگە قارۇنغا بېرىلگەن بايلىق بېرىلسىچۇ، ئۇ ھەققەتەن چوڭ نېسىۋىگە ئىگە ئىكەن» دېدى. ئىلىملىك كىشىلەر: «ۋاي سىلەرگە! ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەلنى قىلغان كىشىگە ئاللاھنىڭ ساۋابى ياخشىدۇر. ئۇ ساۋاب پەقەت سەۋر قىلغۇچىلارغىلا بېرىلىدۇ» دېدى. قارۇننى ئۇنىڭ ئۆيى بىلەن قوشۇپ يەرگە يۇتقۇزدۇق، ئۇنىڭدىن ئاللاھنىڭ ئازابىنى دەپئى قىلىدىغان بىر جامائە بولمىدى. قارۇن ئۆزىنى قوغدىيالمىدى.»[1]

ھەزرىتى لوقماننىڭ ئوغلىغا قىلغان سەككىزىنچى ۋەسىيىتى ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىدۇر: ﴿وَاقْصِدْ فِي مَشْيِكَ وَاغْضُضْ مِنْ صَوْتِكَ إِنَّ أَنْكَرَ الْأَصْوَاتِ لَصَوْتُ الْحَمِيرِ﴾ «ئوتتۇراھال ماڭغىن، ئاۋازىڭنى پەسلەتكىن، ئاۋازلارنىڭ ئەڭ يىرىكەرلىكى ھەققەتەن ئېشەكلەرنىڭ ئاۋازىدۇر.»[2]

ھەزرىتى لوقمان ئوغلىنى چوڭچىلىق قىلماسلىققا، يولدا ماڭغاندا تەۋازۇ بىلەن ئوتتۇراھال مېڭىشقا ۋە كىشىلەر بىلەن مۇئامىلە قىلغاندا، سەۋەبسىز ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ ۋارقىراپ گەپ قىلماسلىققا بۇيرۇيدۇ. چۈنكى ئېھتىياج بولمىغان ئورۇنلاردا ئۈنلۈك ئاۋازدا گەپ قىلىشى امان ئەخلاقتۇر. ئۈنلۈك ئاۋازنىڭ كىشىلەرگە يامان تەسىرى بولىدىغانلىقى ئۈچۈن ئايەت كەرىمەدە ئۈنلۈك ئاۋازنى ئېشەكنىڭ ئاۋازىغا ئوخشاتتى. بەك پەسمۇ ئەمەس، بەك ئۈنلۈكمۇ ئەمەس، نورمال ئاۋازدا سۆزلەش ئىبادەتلەردىمۇ تەرغىب قىلىنغان ئىش بولغاچقا، ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَا تَجْهَرْ بِصَلَاتِكَ وَلَا تُخَافِتْ بِهَا وَابْتَغِ بَيْنَ ذَلِكَ سَبِيلًا﴾ «نامىزىڭدا قىرائەتنى يۇقىرى ئاۋاز بىلەنمۇ ئوقۇمىغىن، پەس ئاۋاز بىلەنمۇ ئوقۇمىغىن. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئوتتۇرا يول تۇتقىن.»[3]

ئايەتتىكى «ئاۋازىڭنى پەسلەتكىن» دەپ تەرجىمە قىلىنغان ﴿مِن صوتك﴾ كەلىمىسىدىكى «مِن» ھەرپىنىڭ ئەرەب تىلىدا «بەزى» دېگەن مەنىسى بار بولۇپ، ئۈنلۈك ئاۋازدا سۆزلەنگەن بارلىق سۆزلەر يامان كۆرۈلمەيدۇ دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. تەبلىغ ۋە باشقا ساھەلەردە ئۈنلۈك ئاۋازغا ئېھتىياج بولغاندا، ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن، پەس ئاۋازغا ئېھتىياج بولغاندا پەس ئاۋاز بىلەن سۆزلەش مۇستەھەبتۇر. ﴿وَكَذَلِكَ جَعَلْنَاكُمْ

[1] قەسەس سۈرىسى: 79 ـ 81 ـ ئايەتلەر.
[2] لوقمان سۈرىسى: 19 ـ ئايەت.
[3] ئىسرا سۈرىسى: 110 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

﴿أُمَّةً وَسَطًا﴾ «بىز سىلەرنى ئوتتۇراھال ئۈممەت قىلدۇق» [1] ئايىتىدە دېيىلگىنىدەك، ھەر ھالەتتە نورمال يول تۇتۇش ياخشىدۇر ۋە بۇ ئۈممەتنىڭ ئەۋزەللىكىدۇر.

مانا بۇ ۋەسىيەتلەر لوقمان سۈرىسىدە رەببىمىز بىزگە تەلىم بەرگەن تەربىيە خاراكتېرىدىكى ئەدەپ ئەخلاق ۋە ئىلمى ئاساسلاردۇر. ھەزرىتى لوقمان بىلەن ئوغلى ئوتتۇرىسىدىكى بۇ سۆھبەتلەرنىڭ سۆزلىنىش ئۇسلۇبى ۋە بۇنىڭغا ئوخشىغان سۆھبەت-مۇنازىرىلەر، باشقا ئاتا ئانىلارنىڭمۇ ئەۋلادلىرى بىلەن ئېلىپ بېرىشىغا تېگىشلىك مۇھىم ئىشتۇر، بەختلىك بىر ئائىلىنىڭ ئاساسىدۇر. رەببىمىز بۇ ئايەت كەرىمدە بىزگە ئەقىدە، ياخشى ئەمەل ۋە گۈزەل ئەخلاقلارنىڭ كىشىلەرنىڭ قەلبىگە تۇيغۇسىز پەيدا بولمايدىغانلىقىنى بەلكى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش مېھرى-مۇھەببەت ۋە كۆيۈنۈش ئاساسىدىكى دىئالوگ ۋە پىكىرلىشىش ئارقىلىق پەيدا بولىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىۋاتىدۇ. مۇشۇنىڭغا ئوخشىغان قانائەتلىنەرلىك مۇنازىرە ۋە دىئالوگلار پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھاياتىدىمۇ ناھايىتى كۆپ بولغان ئىدى. بۇنىڭ تىپىك مىساللىرىدىن بىرى: بىر ياش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: ئى رەسۇلۇللاھ! ماڭا زىنا قىلىشقا رۇخسەت قىلسىلا دېدى. بۇنى ئاڭلاپ ساھابىلەر ئاچچىقىدىن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ئۇنى قويۇۋېتىڭلار دەپ ئىشارەت قىلغاندىن كېيىن ئۇ ياش يىگىتنى ئالدىغا يېقىن ئەكىلىپ، مېھرىبانلىق بىلەن: «باشقىلارنىڭ ئاناڭ ياكى ھەدە-سىڭلىڭ بىلەن زىنا قىلىشىغا رازى بولامسەن؟» دەپ سورىدى. ئۇ يىگىت: ياق دەپ جاۋاپ بېرىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ھېچكىم ئۆزىنىڭ ئائىلىسى ئۈچۈن بۇنىڭغا رازى بولمايدۇ» دېيىش ئارقىلىق ئۇ يىگىتنى قانائەتلەندۈردى. شۇنىڭ بىلەن زىنا ئۇ يىگىتكە ھاياتىدىكى ئەڭ نەپرەتلىنىدىغان ئىشلاردىن بولۇپ قالدى.[2]

شۇنىڭدەك بىر سەھرالىق كىشى مەسچىتنىڭ بىر تەرىپىگەكىچىك تاھارەت قىلغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا دەرھال قارشى چىقماستىن، ئىشىنى تۈگىتىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا كۆيۈمچانلىق بىلەن نەسىھەت قىلىۋاتقان بىر دادىنىڭ مۇئامىلىسىنى قىلغان ۋە ھېلىقى سەھرالىق كىشىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇئامىلىسىدىن تەسىرلەنگەن ئىدى.[3]

رەببىمىز ئاللاھتىن تېخىمۇ كۆپلەپ بىلىم ئاتا قىلىشىنى ۋە خاتا كەتكەن بولساق، ئەپۇ قىلىشىنى سورايمىز.

بۇ ماقالىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: ئوبۇلقاسىم ئەھمىدى.

[1] بەقەرە سۈرىسى: 341-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان سەھىھ ھەدىس.
[3] بۇخارى ۋە مۇسلىم.



# تەنقىد ۋە تەنقىدلەش ئۇسۇلى

مۇھەممەد يۈسۈپ

تەنقىد —— كەمچىلىك ۋە يېتەرسىزلىكلەر كۆرسىتىپ بېرىلگەن پىكىر دېگەنلىكتۇر[1]. ئومۇمەن ئېيتقاندا، تەنقىد باشقىلار تەرىپىدىن سادىر بولغان ئىجابىي ۋە سەلبىي تىرىشچانلىقلار، پېئىللىقلار، ئىش ـ ھەرىكەت، گەپ ـ سۆز ۋە كۆزقاراشلار ھەققىدىكى پىكىرنى ھەر خىل يوللار بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇش دېگەنلىكتۇر. بىر ئادەمنىڭ تەنقىد قىلىشى يەنە بىر ئادەمنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ. چۈنكى بىرى ئىجابىي دەپ قارىغان ئىشقا يەنە بىرى سەلبىي دەپ باھا بېرىشى مۇمكىن.

تەنقىد ھاياتىمىزدىكى كۆپلىگەن ساھەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولۇپ، ئىلمىي ياكى ئەدەبىي ئەسەر، شېئىر، نۇتۇق، سىياسەت، سەنئەت، دىنىي مەسىلە، كۆزقاراش قاتارلىق نۇرغۇن ساھەلەردە بولىدۇ.

ئىجابىي تەنقىد —— باشقىلاردىن سادىر بولغان ئىش ـ ھەرىكەت، گەپ ـ سۆز ۋە كۆزقاراش قاتارلىقلارغا ھەققانىي ۋە توغرا باھا بېرىش دېگەنلىك بولۇپ، ئىجابىي تەنقىد شەخسلەرنى ۋە كوللېكتىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئېغىر ياخشى سەۋىيەگە كۆتۈرۈش ئۈچۈن قىلىنىدۇ. ئىجابىي تەنقىد كىشىلەرنىڭ نىيىتى ياكى ئوي ـ خىيالى بىلەن ھېسابلاشماستىن، مەزكۇر مەسىلە ئۈستىدىلا بولىدۇ. ئىجابىي تەنقىد كىشىلەرنى سازايى قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، ئۇلارغا ياردەم قىلىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئۆزىگىلا قىلىنىدۇ. ئىجابىي تەنقىد ئىشلارنى تەلەپكە لايىق شەكىلدە ئېلىپ بېرىلىشى ۋە ئىجابىي نەتىجىلەرنى قازىنىشى ئۈچۈن تولىمۇ پايدىلىقتۇر. ئىجابىي تەنقىد سەممىي نەسىھەتتۇر. ئىمام شافىئىي تەنقىد ۋە نەسىھەت ھەققىدە مۇنداق دېگەن ئىكەن: «بىراۋغا مەخپىي ھالدا نەسىھەت قىلغان ئادەم ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلغان بولىدۇ،

[1] «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» 782 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

بىراۋغا كىشىلەرنىڭ ئالدىدا نەسىھەت قىلغان ئادەم ئۇنى سۆككەن ۋە ئۇنى چۈشۈرگەن بولىدۇ».

سەلبىي تەنقىد — شەخس ۋە كوللېكتىپنى يىقىتىش، تەرەققىي قىلىشىنىڭ ۋە گۈللىنىشىنىڭ ئالدىنى توسۇش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدىغان ئۆچ-ئاداۋەت، ھەسەت ۋە دۈشمەنلىك خاراكتېرلىك قىلمىش بولۇپ، ئۇ بۇزغۇنچىلىقنىڭ ئۆزىدۇر. سەلبىي تەنقىدچىلەر ئادەتتە باشقىلاردىن كەمچىلىك ئىزدەش، ئۇلارنىڭ خاتالىقلىرىنى تېپىپ چىقىش ئۈچۈن بارچە ئىقتىدارىنى ۋە ئەقلىي كۈچىنى ئىشلىتىدۇ. ئۇلار نەتىجە قازانغان شەخسلەر ياكى جامائەتلەرنى ئەيىبلەشتە ئۇلارنىڭ ئىجابىي تەرەپلىرىنى كۈچىنىڭ يېتىشىچە يوشۇرىدۇ، كەمچىلىكلىرىنى ۋە خاتالىقلىرىنى بولسا كۆپتۈرۈپ كۆرسىتىشكە تىرىشىدۇ. سەلبىي تەنقىدچىلىككە تۈرتكە بولىدىغان ئامىللار كۆپتۇر. ئەمما ئەڭ ئالدىنقىسى ھەسەت بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى ھەسەت دېگەن شۇنداق كۈچلۈك قوزغاتقۇچكى، ئۇ ھەسەتخورنىڭ ئۇيقۇسىنى قاچۇرىدۇ، كۆڭلىنى ئازابلايدۇ، ھەسەتنىڭ ئوتى ئۇنىڭ يۈرىكىنى كۆيدۈرىدۇ، بىرلىرىنى غاجىۋالمىغۇچە ئۇنىڭ كۆڭلى قەتئىي ئارام تاپمايدۇ.

ئەرەبلەر ئىجابىي تەنقىدنى «النقد البنّاء» (قۇرۇپ چىققۇچى تەنقىد) دەيدۇ. ئۇلار بىناكارنىمۇ «البناء» دەپ ئاتايدۇ. ئەمما سەلبىي تەنقىدنى بولسا «النقد الهدام» (يىقىتقۇچى تەنقىد) دەپ ئاتايدۇ.

ئىجابىي تەنقىد بىلەن سەلبىي تەنقىد ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەر

— ئىجابىي تەنقىد ئىلمىي ئۇسۇلدا، ئەدەپلىك ھالدا ئېلىپ بېرىلىدۇ، سەلبىي تەنقىد سۆكۈش، تىللاش ۋە كەمسىتىش بىلەن ئېلىپ بېرىلىدۇ.
— ئىجابىي تەنقىدچى ئۆزى پىششىق بىلىدىغان ماۋزۇدا گەپ قىلىدۇ، سەلبىي تەنقىدچى ئۆزى بىلمەيدىغان ۋە ماۋزۇ بىلەن مۇناسىۋىتى يوق گەپلەرنى قىلىدۇ.
— ئىجابىي تەنقىدچى سەممىي نەسىھەت قىلىشنى كۆزلەيدۇ، سەلبىي تەنقىدچى قارشى تەرەپنى چۈشۈرۈش ۋە رەسۋا قىلىشنى كۆزلەيدۇ.
— ئىجابىي تەنقىدچى مەسىلىنى ھەل قىلىشنى ئويلايدۇ، سەلبىي تەنقىدچى ئۆزىنى ھەقلىق قىلىپ چىقىرىشنىلا ئويلايدۇ.
— ئىجابىي تەنقىدچى ھەربىر پىكىرنىڭ توغرا ۋە خاتا تەرىپىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، سەلبى تەنقىدچى پەقەتلا سەلبىي تەرەپنىلا ئوتتۇرىغا قويىدۇ.
— ئىجابىي تەنقىدچى تاشلانغان پىكىرلەرگە كەڭ قورساقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ، سەلبى تەنقىدچى ھېچقانداق رەددىيەنى قوبۇل قىلمايدۇ.
— ئىجابىي تەنقىدچى كىمنىڭ پىكرى بولۇشتىن قەتئىينەزەر دىققىتىنى پىكىرنىڭ ئۆزىگە مەركەزلەشتۈرىدۇ، سەلبى تەنقىدچى بولسا پىكىر ئىگىسىنىڭ مەرتىۋىسىگە قاراپ گەپ قىلىدۇ.

— ئىجابىي تەنقىدچى ئىشلارنى ياخشىلاشنىڭ چارە-تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، ئەمما سەلبىي تەنقىدچى ئۇچۇن ئىشلارنىڭ ياخشىلىنىشى مۇھىم ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ غەلىبە قىلىشى ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ.

— ئىجابىي تەنقىدچى قارشى تەرەپنىڭ ئىجابىي تەرەپلىرىگە كۆز يۇممايدۇ، سەلبىي تەدقىدچى بولسا قارشى تەرەپنىڭ ئىجابىي تەرەپلىرىنىمۇ سەلبىي قىلىپ كۆرسىتىدۇ.

— ئىجابىي تەنقىدچى ئۆز پىكرىنىڭ توغرا ۋە خاتالىققا ئېھتىمالى بولغان كۆزقاراش ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ، سەلبىي تەنقىدچى ئۆز پىكرىنى ھەقىقەتنىڭ ئۆزى دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ.

## ئىجابىي تەنقىدنىڭ پايدىسى

ئىجابىي تەنقىد تۇرمۇشنىڭ مۇھىم تەلەپلىرىدىن بىرىدۇر. چۈنكى كەمچىلىك ۋە ناقىسلىق بارلىق ئىنسانلارنىڭ ئورتاق سۈپىتى بولۇپ، بۇنىڭدىن ھېچكىم مۇستەسنا ئەمەس. كەمچىلىك ۋە نۇقسانلىق مەۋجۇتلا ئىكەن، ئۇنى تۈزىتىش، تولۇقلاش ۋە توغرا يولغا سېلىش ئۈچۈن چوقۇم تەنقىدكە ئېھتىياج بار. ناۋادا ئىجابىي تەنقىد بولمىسا، ھايات توغرا يۆنىلىشتە ماڭالمايدۇ. چۈنكى ھەربىر ئىنسان ئۆزى توغرا دەپ بىلگەنلىرىنى قىلىدۇ، خاتالىقلىرىنى ۋە كەمچىلىكلىرىنى بىلمەي قالىدۇ. تەنقىد بولسا خاتالىقلىرىمىزنى ۋە كەمچىلىكلىرىمىزنى كۆرۈۋېلىشىمىزغا ياردەم قىلىدۇ. شۇڭا بىزدە «تەنقىد ئاچچىق، مېغىزى تاتلىق» دەيدىغان ھېكمەت بار.

ئىجابىي تەنقىد ئۆزىمىزنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ سەۋىيەسىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ ۋە تەرەققىي قىلدۇرىدۇ. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ «مېنىڭ ئەيىبلىرىمنى كۆرسىتىپ بەرگەن كىشىگە ئاللاھ رەھىم قىلسۇن» دېگەن ئىكەن. بىز ھەممىمىز ئىجابىي تەنقىدلەرگە موھتاجمىز. چۈنكى ئىجابىي تەنقىدلەر ئارقىلىق ئۆزىمىزنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى دەڭسىيەلەيمىز، كەمچىل تەرەپلىرىمىزنى تولۇقلىيالايمىز، ياخشى تەكلىپلەردىن پايدىلىنىمىز. ئەپسۇسكى، نۇرغۇن كىشىلەر «تەنقىد» دېگەن سۆزنى ئىنتايىن يامان كۆرىدۇ، ئۇنىڭدىن خۇددى ۋابادىن قاچقاندەك قاچىدۇ، ھەتتا ئىجابىي تەنقىدنىمۇ ئاڭلاپ باقاي دېمەيدۇ. ئەسلىدە تەنقىد يامان نەرسە ئەمەس، چۈنكى «نقد» دېگەن سۆز ئەرەب تىلىنىڭ لۇغىتىدە: تەڭگىنى ساختىسىدىن ئايرىپ چىقىش دېگەنلىك بولۇپ، ساپلاشتۇرۇشنى ئىپادىلەيدۇ. بۇنىڭغا بىنائەن، دېمەكچىمىزكى، تەنقىد تەنقىدلەنگۈچىنىڭ قىممىتىنى ئاشۇرىدۇ، ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ ۋە يېتىشتۈرىدۇ.

## تەنقىد قىلىشنىڭ شەرتلىرى

1. بىرەر مەسىلە ئۈستىدە ئۆزىنىڭ تەنقىدىي پىكرىنى بايان قىلماقچى بولغان ئادەمنىڭ ئاشۇ مەسىلىنىڭ مۇتەخەسسىسى بولۇشى ياكى ھېچبولمىغاندا، ئاشۇ مەسىلىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com

مۇكەممەل بىلىدىغان بولۇشى شەرت. ئۆزى بىلمەيدىغان ۋە تەپسىلاتىنى ئۇقمايدىغان ماۋزۇدا تەنقىدىي پىكىر بايان قىلىش ئۇچىغا چىققان ھاماقەتلىكتۇر.

2. تەنقىدچىنىڭ ئۆزى تەنقىد قىلماقچى بولغان مەسىلىنى ناھايىتى ياخشى چۈشىنىدىغان بولۇشى، ئاز-تولا مەلۇماتلىق بولۇپلا تەنقىدنىڭ يولىنى تۇتماسلىقى شەرت.

3. تەنقىدچىنىڭ راستچىللىق، سەمىمىيەت ۋە ھەققانىيلىقتىن ئىبارەت سۈپەتلەرگە ئىگە بولغان بولۇشى ۋە ئۆزى تەنقىدلىمەكچى بولغان مەسىلىنىڭ ئىجابىي ۋە سەلبىي تەرەپلىرىنى ئايرىيالايدىغان سەۋىيەدە بولۇشى شەرت.

تەنقىد قىلىشنىڭ قائىدىسى

1. بىرەر مەسىلىنى تەنقىد قىلغۇچى تەنقىد قىلىشتىن بۇرۇن بۇ تەنقىدنىڭ جايىدا بولىدىغان ياكى بولمايدىغانلىقى ھەققىدە ئويلىنىشى، تەنقىد قىلسا قانداق نەتىجىگە ئېرىشىدۇ، ناۋادا تەنقىد قىلمىسا نەتىجە قانداق بولىدۇ، بۇلار ھەققىدە ئويلىنىشى لازىم. چۈنكى «قىلمىغان ئىشقا بىر قېتىم، قىلىپ قويغان ئىشقا ئون قېتىم پۇشايمان قىلىدۇ» دېيىدىغان سۆز بار. ئېغىزدىن چىققان سۆزنى قايتۇرۇپ ئالغىلى بولمايدۇ. سۆز ئېغىزدىن چىقىشتىن بۇرۇن ئۇنى بىز باشقۇرىمىز، ئۇ ئېغىزىمىزدىن چىقىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ بىزنى باشقۇرىدۇ. بەزى كىشىلەر بىر قېتىملىق خاتا سۆزنىڭ دەردىنى ئۆمۈر بويىچە تارتىدۇ، بەزى كىشىلەر ئويلىمايلا ئېغىزدىن چىقىرىپ قويغان بىرەر ئېغىز سۆزنىڭ بىر ئۆمۈر ئەسىرىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

2. تەنقىدنى ئاۋۋال شۇ كىشىنىڭ ئىجابىي تەرەپلىرىنى ماختاش بىلەن باشلاش. بۇ ناھايىتى مۇھىم ئىش بولۇپ، تەنقىد قىلماقچى بولغان كىشىنىڭ قەلب پەنجىرىسىنى ئاچىدۇ ۋە ئۇ كىشىنىڭ تەنقىدنى قوبۇل قىلىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ماۋزۇدا بىرگە گۈزەل ئۆرنەكلەرنى بەرگەن. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: «ئى ئۆمەر! سەن كۈچلۈك ئادەمسەن، ھەجەرۇلئەسۋەدنىڭ ئالدىدا كىشىلەرگە قىستىلاڭغۇ پەيدا قىلمىغىن» دېگەن سۆزىدە، نەسىھەتنى ئاۋۋال ئۇنىڭ كۈچلۈك ئادەم ئىكەنلىكىنى تىلغا ئېلىپ، ئۇنىڭ قەلبىنى ئېچىش بىلەن باشلىغان. مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا بىر دۇئانى ئۆگىتىپ قويماقچى بولۇپ، ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەن: «ئى مۇئاز! مەن سېنى ياخشى كۆرىمەن، سەن ھەر نامازدىن كېيىن «ئى ئاللاھ! مېنىڭ سېنى ياد ئېتىشىمگە، ساڭا شۈكۈر قىلىشىمغا ۋە ياخشى ئىبادەت قىلىشىمغا مەدەت بەرگىن» دەپ دۇئا قىلىشنى ھەرگىز تەرك ئەتمىگىن. يەنى ئاۋۋال ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئۇنىڭ قەلبىنى ئاچقان، ئاندىن دۇئانى ئۆگەتكەن.

3. تەنقىدنى شەخسنىڭ ئۆزىگە ئەمەس، ئۇنىڭ پىكرىگە قارىتىش ۋە بۇنى

ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈشكە تىرىشىش. چۈنكى قارشى تەرەپ سىزنىڭ خالىس نىيىتىڭىزنى ۋە مەقسىتىڭىزنى توغرا چۈشەنمىگۈچە ۋە «مېنى كەمسىتىۋاتىدۇ» دېگەن ئوي-خىيالدىن ئۆزىنى ئازاد قىلمىغۇچە، سىزنىڭ تەنقىدلىرىڭىز قانچىلىك ئىجابىي، قانچىلىك ئورۇنلۇق بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنى ھەرگىز قوبۇل قىلمايدۇ.

4. تەنقىد جەريانىدا، قارشى تەرەپنىڭ قەدرى-قىممىتىنى چۈشۈرىدىغان ياكى ئۇنى نادانلىقا چىقىرىدىغان ۋە ياكى خاتالاشقۇچى قىلىپ كۆرسىتىدىغان ھەرىكەتلەردىن، سۆز ۋە ئىبارىلەردىن ساقلىنىش. باشقىلارنى تەنقىد قىلغاندا ئۆزىمىزنى ئۇلارنىڭ ئورنىدا قويۇپ تۇرۇپ ئىش كۆرۈشىمىز كېرەك. چۈنكى باشقىلارمۇ بىزگە ئوخشاش ئىنسان. ئۇلارمۇ بىز خۇشال بولىدىغان ئىشلاردىن خۇشال بولىدۇ، بىز خاپا بولىدىغان ئىشلاردىن خاپا بولىدۇ.

5. يارا ۋە جاراھەتلەرنىڭ ئۈستىگىلا قونىدىغان چىۋىندەك بولماي، خۇش پۇراق گۈللەرگە قونىدىغان ھەسەل ھەرىسىدەك بولۇش. باشقىلارنى تەنقىدلەشتە ئۇلارنىڭ خاتالىقلىرىنى بايان قىلىشتىن ھەزەر ئەيلەش، پەقەت ئۇنىڭ پىكرىگە تۈزىتىش بېرىشكە ئەھمىيەت بېرىش لازىم. ھەرقانداق ئادەم خاتالىشىدۇ، ھەرقانداق ئادەم ئۆز خاتالىقىنى يۈزىگە سالسا خاپا بولىدۇ.

6. تەنقىد قىلىشتىكى ۋەزىپىڭىز ئۆزىڭىز توغرا دەپ قارىغان پىكىرنى قارشى تەرەپكە يەتكۈزۈپ قويۇشتىنلا ئىبارەت بولۇشى ۋە ئۇنى قوبۇل قىلىشقا زورلىماسلىق لازىم. ئەگەر سىز ئۆز پىكرىڭىزنى قارشى تەرەپكە تاڭماقچى بولسىڭىز چوقۇم مەغلۇپ بولىسىز.

7. تەنقىدنى غەلىبىگە ئايلاندۇرۇشقا ئۇرۇنۇشتىن ھەزەر ئەيلەش. تەنقىد قىلغۇچىنىڭ ئۆزىنى غالىب، قارشى تەرەپنى مەغلۇپ قىلىش ئۈچۈن يولغا چىقىشى شەكسىزكى، ئۇنىڭ مەغلۇبىيىتىنىڭ باشلىنىشىدۇر. چۈنكى بۇنداق قىلغاندا، تەنقىد ئۆز خاراكتېرىنى يوقاتقان ۋە تەنقىدچى بىلەن پىكىر ئىگىسى ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن جەڭگە ئايلىنىپ قالىدۇ. بۇنداق جەڭدە پىكىرنىڭ توغرا ياكى خاتالىقى مۇھىم ئەمەس، پەقەت قارشى تەرەپنى يېڭىشلا مۇھىم بولۇپ قالىدۇ. نەتىجىدە بۇنداق تەنقىدتىن ھېچقانداق ئىجابىي نەتىجە چىقمايدۇ.

## نېمە ئۈچۈن تەنقىدتىن قورقىمىز؟

تەنقىدتىن قورقۇشنىڭ مۇنداق ئىككى چوڭ سەۋەبى بولۇشى مۇمكىن:

1. ھازىرقى ئىسلام دۇنياسى مەيلى سىياسى، مەيلى ئىجتىمائىي، مەيلى ئىلمىي، ئىسلام دەۋىتى ساھەسىدە باشقىلارنىڭ ئەدەك ئارقىسىدا قالغان ۋە ئەدەك قالاقلىق دەۋرىنى باشتىن كەچۈرمەكتە. بۇ قالاقلىق ئىسلام دۇنياسىدىكى شەخس، كوللېكتىپ ۋە جەمئىيەتلەرگە ئومۇملىشىپ كەتكەن. مۇسۇلمانلار، جۈملىدىن بىز ئۇيغۇرلار

ھەممە ساھەدە شۇنچىلىك بەك ئارقىدا قالغان تۇرۇقلۇق، ئۆزىمىزنى تەرققىي قىلدۇرۇشقا، كەمچىل تەرەپلىرىمىزنى تولۇقلاشقا، بىلمىگەنلىرىمىزنى ئۆگىنىشكە قىلچە ئەھمىيەت بەرمەيمىز. ئەكسىچە، بىزنىڭ كەمچىلىكلىرىمىزنى كۆرسىتىپ قويىدىغان ھەرقانداق بىر ئىجابىي تەنقىدنى دۈشمەنلىك دەپ بىلىمىز، سىياسەتچىلىرىمىز بولسا تەنقىدنى جىنايەت دەپ تونۇيدۇ. چۈنكى كۆپىنچىمىز ئۆزىمىزنى ھەر تەرەپتىن مۇكەممەل دەپ ئويلايمىز، شۇڭا بىزدە ئىجابىي تەنقىدلەرنى قوبۇل قىلىشقا تەييارلىق يوق. بۇ سەۋەبتىن ئىسلام دۇنياسىدىكى ھۆكۈمەتلەر، تەشكىلاتلار، جامائەتلەر ۋە شەخسلەر ئۆزلىرىگە ئىجابىي تەنقىد قىلغۇچىلارنى ۋە سەممىي نەسىھەت قىلغۇچىلارنى «دۈشمەن» دەپ تونۇيدۇ ۋە دۈشمەنگە قىلىدىغان مۇئامىلىنى قىلىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ كۆپ سانلىقىدا ﴿مَا أُرِيكُمْ إِلَّا مَا أَرَى وَمَا أَهْدِيكُمْ إِلَّا سَبِيلَ الرَّشَادِ﴾ «مەن سىلەرگە پەقەت ئۆز كۆز قارىشىمنى مەسلىھەت بېرىۋاتىمەن ۋە سىلەرنى پەقەت توغرا يولغا يېتەكلەيمەن» [1] دەيدىغان پىرئەۋنچە ئەقلىيەت ھۆكۈم سۈرىدۇ.

بەزى كىشىلەر ئۆزىنىڭ خاتالىقىنى قەتئىي ئېتىراپ قىلمايدۇ، ئۇلار ئۇچۇن ئۆزىنىڭ كەمچىلىكلىرىنى ئېتىراپ قىلىش ئۆلۈم بىلەن تەڭ. يەنە نۇرغۇن كىشىلەر ئېتىراپ شەكلىدىكى توغرا سۆزنى قىلىپ قويۇپ، ئۆز خاتالىقىنى ۋە كەمچىلىكىنى ئېتىراپ قىلماي قۇتۇلۇپ كېتىدۇ. ئۇلارنىڭ «ئېتىراپ شەكلىدىكى توغرا سۆز»ى قايسى دېگەندە، ئۇلارنىڭ «بىزمۇ ئىنسان. ئىنسان دېگەن خاتالىشىدۇ، خاتالىقتىن ھېچكىم خالىي ئەمەس» دەيدىغان سۆزىدۇر. ئۇلارنىڭ تولىسى بۇ توغرا سۆزنى ئۆزىنىڭ خاتالىقىنى ئېتىراپ قىلماسلىقتىن ئىبارەت باتىلى ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ. چۈنكى ئۇلار شۇ توغرا سۆزنى قىلىپ قويغان بىلەن، ئۆزىدىكى خاتالىقنى ۋە كەمچىلىكلەرنى تۈزىتىشنى ئويلاپمۇ قويمايدۇ. چۈنكى ئۇلار ئۇنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. شەخسلەردىكى بۇ خىل سەلبىي پسىخىكىنىڭ سەۋەبى ئۇلار ئۆزلىرى ياشاۋاتقان دۆلەت، جەمئىيەت، مۇھىتنىڭ ۋە تەربىيەنىڭ تەسىرىدىن بولسا كېرەك. چۈنكى ساھابىلەردىكى بىر-بىرىنى سەممىي تەنقىدلەش ۋە تەنقىدنى كەڭ قورساقلىق بىلەن قوبۇل قىلىش، ئىسلام خەلىپىلىرىدىكى ئۆلىمالارنى تەكلىپ قىلىپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ نەسىھەت قىلىشىنى تەلەپ قىلىشتىن ئىبارەت ئىسلامىي گۈزەل ئەخلاق زامانىمىزدا مۇنقەرزلىككە يۈز تۇتقان. شۇڭا «تەنقىد» دېيىلسە، يۈرەكلەر پوكۇلدايدىغان، چىرايلار سارغىيىدىغان، پۇت-قوللار تىترەيدىغان بولۇپ قالغان.

2. تەنقىدنى سۈيئىستېمال قىلغۇچىلارنىڭ ھەسەتخورلۇقنى ۋە پىتنىخورلۇقنى مەركەز

[1] غافىر سۈرىسى: 92-ئايەت.

قىلغان قىلمىشلىرى سەۋەبلىك نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ قۇلىقىغا «تەنقىد» دېگەن سۆز چىرايلىق ئاڭلانمايدىغان بولۇپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى ئىجابىي تەنقىدتىن سەلبىي تەنقىدلەر ئىنتايىن كۆپ بولۇپ كەتكەن، تەنقىد قىلغۇچىلاردا تۈزەش، ئىسلاھ قىلىش، مەسلىھەت بېرىش ئەمەس، بەلكى قارشى تەرەپنى يېقىتىش ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدىغان بولۇپ قالغان مۇشۇ زاماندا تەنقىدكە ئىجابىي نەزەر بىلەن قارايدىغانلارنىڭ سانى ئىنتايىن ئاز بولماقتا.

ئۇنىڭ ئۇستىگە، بىر قانچە، ھەتتا يۈزلەرچە ئادەم بىرەر ئاپتورنى ياكى سۆزلىگۈچىنى ئەيىبلىشىدۇ-يۇ، ئۆزىنىڭ چۈشىنىش ئىقتىدارىدىن ئەسلا گۇمان قىلىپ باقمايدۇ. بىزدە «سۆزلىگۈچىدە ئەيىب يوق، ئاڭلىغۇچى توغرىلاپ ئاڭلىسۇن» دەيدىغان ھېكمەت بار. ھە دېگەندە باشقىلارنىڭ قارىشىنى بۇراپ، خاتاغا چىقىرىش ياكى قەستەن تىرناق ئاستىدىن كىر ئىزدەپ يازمىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان پىكىرنى مەركىزى ئىدىيەدىن چەتنىتىۋېتىش ساپاسىزلىقى زامانىمىزدا كۆپىيىپ قالدى.

**خۇلاسە:**

1. بىز ئاۋۋال ئۆزىمىزگە، ئاندىن پەرزەنتلىرىمىزگە ئىجابىي تەنقىدنىڭ شەرتلىرى ۋە قائىدىلىرى بارلىقىنى، پىكىر بايان قىلىش ھەرقانداق كىشىنىڭ ئەركىنلىكى ئىكەنلىكىنى، باشقىلارنىڭ ئابرۇيىغا تىل تەگكۈزۈش جىنايەت ئىكەنلىكىنى، ئۆز پىكرىمىزنىڭ ۋە قاراشلىرىمىزنىڭ تەنقىدنى قوبۇل قىلمايدىغان مۇقەددەس نەرسە ئەمەسلىكىنى ئۆگىتەيلى.

2. تەنقىدتىن ھەرگىز قورقمايلى. خۇددى ئالتۇن ئوتتا قىزىتىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ساپلىقىنى ئاشۇرغىنىدەك، بىزمۇ تەنقىد ئارقىلىق ئۆزىمىزنىڭ قىممىتىنى ئاشۇرىمىز. چۈنكى كىشىلەر قىممىتى يوق نەرسىلەرنى تەنقىدلىمەيدۇ.

3. بىراۋنى، ھەتتا ئائىلە ئەزالىرىمىزدىن بىرەرسىنى تەنقىدلىمەكچى بولساق، چوقۇم ئۇنى ئادەم يوق يەردە تەنقىدلەيلى، پەرزەنتلىرىمىزنى دوستلىرىنىڭ ئالدىدا، جورىمىزنى تۇغقانلىرى ياكى قوشنىلار ئالدىدا تەنقىدلەشتىن قاتتىق ھەزەر ئەيلەيلى.

4. ھەر زامان باشقىلارنىڭ پىكىر-تەكلىپلىرىنى ئاڭلاشنى ئۆزىمىزنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن ئوبدان پۇرسەت دەپ بىلەيلى. تەنقىدنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن كۆڭلىمىزنى دەرىيادەك تۇتايلى. چۈنكى ئەگەر بىز كۆڭلىمىزنى ئىستاكاندەك تار تۇتۇۋالساق، تەنقىدنىڭ ئاچچىقى گېلىمىزنى ئېچىشتۇرۇپ قويىدۇ، ئەگەر كۆڭلىمىزنى دەرىيادەك ياكى كۆلدەك كەڭ تۇتساق، تەنقىدنىڭ ئاچچىقىنى ھېس قىلمايمىز.

بۇ ماقالىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابدۇلئەھەد ھافىز

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرلىكى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com





# ئېتىقاد ھەققىدە تەپەككۇر

ئابدۇرېشىت ئەمىن

ئېتىقاد ئىنسان ھاياتىنىڭ ئەڭ مۇھىم قىسمىدۇر. بەلكى ئېتىقاد ھاياتنىڭ ھەممىسى. ئېتىقادى باغلىنىشىمىز ۋە ئۇ باغلىنىش نەتىجىسىدە قوبۇل قىلغان پىرىنسىپ ۋە قىممەت قاراشلىرىمىز ئاساسىدا تاللاش ئارقىلىق بىز ھاياتىمىزنى ۋۇجۇدقا چىقىرىمىز. ئېتىقاد باغلىنىش مەنىسى بىلەن ھۆرمەتلىنىدىغان، قورۇلىدىغان، سۆيىلىدىغان بىرىگە (ئۇنىڭغا قارىتاكى مەلۇم بىر يەكۈن نەتىجىسىدە) ئۇنىڭسىز ھالەتنى تەسەۋۋۇر قىلىشتىن قىينىلىدىغان دەرىجىدە باغلىنىشنى كۆرسىتىدۇ. ئىشىنىش مەنىسى بىلەن بولسا، بىزگە كەلگەن ئىشەنچلىك خەۋەرگە ئاساسەن كۆرسىتىلگەن پاكىتلار نەتىجىسىدە بىرىگە قارىتا زېھنىمىز ۋە قەلبىمىزدە مەلۇم بىر ۋاقىتتا تەۋرەنمەس بىر يەكۈننى ھاسىل قىلىشتۇر.[1] نەتىجىدە بۇ باغلىنىش ۋە ئېشىنىش بىزنى ئەمەلىي رېئاللىقىمىزنى شۇ بىرىنىڭ تەلىپى بويىچە ئۆزگەرتىشكە ئېلىپ بارىدۇ. بۇ ئېتىقاد بىرىنى ياراتقۇچى دېگەن يەكۈنگە كېلىپ، ئۇنىڭغا باغلىنىپ ھاسىل بولغاندا بۇ دىنىي ئېتىقاد ۋە ئىمان بولىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە بىرىنى قۇتقۇزغۇچى، ياردەم بەرگۈچى دەپ ئېتىقاد قىلىشمۇ دىنىي ئېتىقادنىڭ بىر تۈرى بولىدۇ. ئېتىقاد مۇكەممەل بولۇپ، ھېچ بىر ۋاقىتتىن شەكلىنىش، ئاجىزلىشىش ۋە ياكى ئورتاق ھالەتتە بىر قانچە كىشىگە باغلىنىشنى قوبۇل قىلمايدۇ.

ھەربىر ئېتىقادنىڭ تەلەپلىرى بولىدۇ. باغلىنىش ۋە ئىشىنىش بىزنى بۇ تەلەپلەرگە لەببەي دېيىشكە زورلايدۇ. ۋاقتىمىز، ماددىي كۈچىمىز، مەنىۋى تۇيغۇلىرىمىز ۋە ئەقلىي تەپەككۇرلىرىمىز شۇ ئېتىقاد بويىچە تەقسىم قىلىنىدۇ، سەرپ قىلىنىدۇ ۋە ھۆكۈم قىلىنىدۇ. باشقىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەت ۋە مۇئامىلىلەر شۇ ئېتىقاد

[1] كتاب المعجم الوسيط، 416 ـ بەت

ئاساسىدا بولىدۇ. سۆزلىرىمىز تۇيغۇلىرىمىز، تەپەككۇرلىرىمىز ۋە ئىش ھەرىكەتلىرىمىزگە ماس ھالەتتە رەتلىك ۋە مەنىلىك چىقىشقا باشلايدۇ. چۈنكى ھەممىنى ئورتاق ئېتىقادباشقۇرىدۇ. ھەربىر جۈملىدە، ۋەدىلىرىمىزدە، گۇۋاھلىقلىرىمىزدا، چاقچاق ۋە نورمال پاراڭلىمىزدا ئېتىقادىمىز جانلىق ئىپادىلىنىدۇ. ئېتىقاد قىلىنغۇچى مەئبۇدىمىز بولىدۇ. ئۇنىڭغا ئۆزىمىزنىڭ قۇللۇق كىملىكىمىز بىلەن خىتاپ قىلىمىز ۋە شۇ ئاساسىدا ھەرىكەت قىلىمىز. بۇ ئىبادەت، ساۋاپ ۋە ئەمەل بولىدۇ.

ئېتىقادىمىزنىڭ تەلەپلىرىگە بولغان بۇ ئىجرائاتلار قەلبىمىزدە ئېتىقادىمىزنىڭ ئورنىنى كۈچەيتىدۇ. ئۇنىڭغا خىيانەت قىلىشقا پېتىنالمايمىز ۋە بۇ ھەقتە ئويلاپمۇ سالمايمىز. ھەتتا ئېتىقادىمىزغا قارشى بولۇش ئېھتىماللىقى بار شەيئى ۋە شەخسلەردىن يىراق تۇرىمىز. بۇ دىندا تەقۋالىق دەرىجىسى بولىدۇ. (ئەلۋەتتە بەزى دىنلاردا ئىلاھقا بولغان ئېتىقاد پەقەتلا شۇ ئېتىقادنىڭ بوشاشماسلىقنى ۋە باشقا بىرىنى مەبۇد تۇتماسلىقنىلا تەلەپ قىلىپ ئەمەلىي ھاياتتا باشقا تەلەپلەرنى قويمايدۇ. ئەمما ئۇ ئېتىقادلار يەنىلا ئېتىقاد قىلغۇچىدا ئۆزگىچە خاس تەپەككۇر ۋە ياشاش ئۇسلۇبىنى شەكىللەندۇرىدۇ).

بەزىدە شەخسىي مەنپەئەت ۋە سىرتقى ئازدۇرۇشلار نەتىجىسىدە، ھاياتىمىزدىكى شەيئىلەر ۋە شەخسلەرگە بولغان باغلىنىشىمىز كۈچەيگەنسېرى ھاياتىمىزنى بەلگىلەيدىغان ئامىللار كۆپ خىللىشىدۇ. بۇ باغلىنىشلار ئېتىقادتەك تەۋرەنمەس سەۋىيەدە ئەمەس. ئەمما بىزنىڭ رىئاللىقىمىزغا تەسىر كۆرسەتكۈدەك تەسىرچانلىقى كۈچلۈك. نەتىجىدە بىز ئېتىقادىمىزغا خىيانەت قىلىشىمىز مۇمكىن. قەلبىمىزدىكى كۆڭۈل خۇشىغا بولغان تويۇنماسلىق تۇيغۇسى نەتىجىدە پۇل، ھوقۇق ۋە ئويۇن تاماشالارغا قارىتا شەكىللەندۇرگەن باغلىنىشلىرىمىز گەرچە ئېتىقادتەك كۈچلۈك ۋە ئۇزۇن مۇددەتلىك بولمىسىمۇ ئېتىقادىمىزغا خىيانەت قىلىشىمىز، ۋاقىتلىق باغلىنىشلار كەينىدىن كېتىپ قېلىشىمىز مۇمكىن. بۇ دىندا گۇناھ بولىدۇ.

ۋاقىتلىق باغلىنىشلارنىڭ كۆپ بولۇشى، ئېتىقادىمىزنىڭ قەلبىمىزدىكى تەسىرىنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ. ئىنسان بەدىنىنىڭ باشقۇرغۇچىسى بولمىش قەلبىمىزنىڭ تەسىرلەنمەسلىكى بىزدە ئېتىقادىمىزنىڭ تەلەپلىرىگە ئەمەل قىلماسلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ دىندا پاسىقلىق بولىدۇ.

ئېتىقادنىڭ تەسىرىنى يوقاتماسلىقىمىز ئۈچۈن، ئۆزىمىزنى قايىل قىلغان ناھايىتى مۇھىم شەخس، شەيئى ۋە باشقا ئىشلارنىڭ ئەسلىدە ئېتىقادىمىزدىن مۇھىم ئەمەسلىكىنى، ۋاز كېچىش ئىمكانىمىز بارلىقىنى، ياراتقۇچىمىز، قوغدىغۇچىمىز، رىزىقلاندۇرۇغۇچىمىزنىڭ غەزىپى بىلەن قەلبىمىزنىڭ خۇشسىزلىنىش ئارىسىدا بىرىنچىسىنىڭ بەكرەك قورقۇنچلۇق ئىكەنلىكىنى ئەسلەپ تۇرۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. بۇ دىندا زىكىر، مەئبۇدنى ئەسلەش بولىدۇ. كۈنلۈك مۇقىم ئەسلەش ناماز بولىدۇ. ھەتتا ئەسلىدە نورمال

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرلىكى ئاندرىسى
www.uyghurkitap.com

تۇنگەن ھايات ئۇسلۇبىمىزغا مەلۇم ۋاقىت چەك قويۇش ئارقىلىق ئېتىقادىمىزنىڭ ھاياتىمىزدىكى تەسىر كۆرسەتكۈچى ئورنىنى قەلبىمىزگە ۋە زېھنىمىزگە تونۇتۇش روزا بولىدۇ. ئېتىقادىمىزنىڭ توسالغۇغا ئۇچرىشىغا، ئېتىقادىمىزنىڭ تەلەپلىرىنى بەجا قىلىشتا چەكلىنىشكە قارشى تۇرۇش جىھاد بولىدۇ. ئېتىقان تەرلىرىمىز ۋە جاپالىرىمىز ئارقىلىق ئېرىشكەن ماددىي ئىمكانىمىزدىن بىر قىسمىنى ئېتىقادىمىز نەتىجىسىدە باشقىلار بىلەن بەدەلسىز ھەمبەھىرلەشنى ئۆيلايمىز. بۇ دىندا سەدىقە ۋە زاكات بولىدۇ.

بەزىدە ئېتىقادقا بولغان باغلىنىشىمىز، ئېتىقاد ئاساسىدا ھايات قۇرۇشىمىز بىز ۋە ئەتراپىمىزدىكىلەر ئۈچۈن ماختىلىدىغان بىر ئىش بولۇشىمۇمكىن. ئورتاق ئېتىقادتىكىلەرنىڭ ئىبادىتى، ئېتىقادىغا بولغان ساداقەت يوزىتىسىيەلىرىدىن قەلبىمىز ئىللىيدۇ. بۇ دىندا ئېتىقاد قېرىنداشلىقى بولىدۇ. بۇ ماختىلىش سەۋەبلىك بەزىلەر ئاللىقاچان ماختىلىش ۋە شەرەپ تۇزىقىغا چۈشۈپ كەتكەن قەلبىگە، مەنپەئەتكە ئالدانغان ئەقلىگە تەسىر قىلالمىغان ئېتىقادىنى باشقىلارغا كۆچلۈك ۋە تەسىرلىك كۆرسىتىش ئۈچۈن ئاممىۋى سورۇنلاردا پرىنسىپلارغا ھۆرمەت قىلىدۇ، تەلەپلەرنى ئىجرا قىلىدۇ. ئەمما تۇرتكىسى ئېتىقادى بولماستىن بەلكى ئۆزگە بولغان باغلىنىش بولسا، بۇ دىندا رىيا بولىدۇ.

ئېتىقادىنىڭ تەسىرىنى بوش چاغلاشقا بولمايدۇ. بىز ئېتىقاد پرىنسىپلىرى ئاساسىدا ياشاشقا باشلىغىنىمىزدا، ھاياتقا ئېتىقادىمىز بىلەن قارىغىنىمىزدا ئېتىقادىمىزغا خىلاپ ھەربىر نۇقتا، شەخس ۋە ھالەتنى ئۆزگەرتىشنى ئۆيلايمىز. ئېتىقادسىزلارنىڭ بىزدىكى مۇقەددەس ئېتىقادقا ئېرىشىشىنى ئارزۇلايمىز. ئېتىقادىمىز بىزنىڭ باشقىلار بىلەن ھەمبەرلىيەلەيدىغان ئەڭ بۈيۈك نەرسىمىزدۇر. بۇ، دىندا دەۋەت دەپ ئاتىلىدۇ.

شۇنداق ئېتىقاد بىزنى يۇقىرىدىكى ئىشلارنى قىلغۇزۇشقا قادىر. ئېتىقاد قەلبىمىزنى، مېڭىمىزنى ۋە بەدىنىمىزنى تىزگىنلەيدۇ. ئېتىقاد قىلىش ئىنسانىي تەبىئىتىمىزنىڭ بىر پارچىسى بولۇپ، ئۇ بىزگە قانداق تەسىر قىلىشنى بىلىدۇ. ئېتىقادىمىز قەلبىمىزنىڭ كۆڭۈل خۇشىغا ئالدىنىش تەبىئىتى، ئەقلىمىزدىكى ئۆزىنى ئالداش ئارقىلىق ئارام ئېلىش تەبىئىتى، بەدىنىمىزدىكى ئاغرىش ۋە زەخمەتتىن قېچىش تەبىئىتىنى بىلىدۇ. ئەمما ئېتىقادىمىز كۆچەيگەندە ئېتىقادىمىز ئۈچۈن ئەندىشە قىلىشقا، ھوزۇرسىزلىنىشقا رازى بولىمىز. بەلكى شۇ ۋاقىتتا ھوزۇر ۋە بەخت ھېس قىلىمىز. ئېتىقادىمىز ئۈچۈن شەيئىلەرگە قايتىدىن قاراپ چىقىمىز، زېھنىمىزدە ئورنىغان ئاكسىيوملارنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن كۆپ تەپەككۇر قىلىمىز. مېڭىمىز بۇ تەپەككۇردىن ھوزۇر ئالىدۇ. ئېتىقادىمىز ئۈچۈن بەدىنىمىزنى ھاردۇرۇشقا ۋە ھەتتا قۇربان قىلىشقا رازى بولىمىز. ئېتىقادىمىز ئۈچۈن بۇ ئەرزىيدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئېتىقادىمىزنىڭ توغرا بولۇشى ناھايىتى مۇھىمدۇر. توغرا ئېتىقاد توغرا پرىنسىپ ۋە توغرا تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئەڭ مۇھىمى توغرا ئېتىقاد

دېگەنلىك بىز توغرا بىرىگە باغلاندۇق، توغرا يەكۈنگە كەلدۇق دېگەنلىك بولىدۇ. دىنى ئېتىقادلاردا ياراتقۇچى ۋە ئىدارە قىلغۇچى يەكۈنى بىلەن باغلانغان بىرىنى توغرا تاللىشىمىز كېرەك. بۇ ھەقتە ئويلىنىشىمىز، مېڭىمىزنىڭ خاتا ئېتىقادقا ئەل بولۇشىدىن بۇرۇن، توغرا مەبۇد ھەققىدە ئىزدىنىش ناھايىتى مۇھىم.

ئىنسان ئەقلى چوقۇم سورايدىغان قەيەردىن كەلدىم؟ نېمە قىلىشىم كېرەك؟ قەيەرگە بارىمەن؟ دىن ئىبارەت ئېتىقادىمىزنى بەلگىلەيدىغان ھالقىلىق سوئاللىرىغا تەك جاۋاب بىلەن قانائەتلەنمەسلىكىمىز كېرەك. قەيەردىن كەلدىم؟ بىلەن بىرگە قايسى سۈپەتتە كەلدىم؟ نېمە قىلىشىم كېرەك بىلەن قىلغانلىرىمنىڭ نەتىجىسى نېمە؟ قەيەرگە بارىمەن؟ بىلەن بارغاندىن كېيىن نېمىلەر بولىدۇ؟ قاتارلىقلار ھەم سورىلىشى كېرەك. ئەقىل ھەر ۋاقىت ياراتقۇچىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىدە ئورتاقلىشىدۇ. بىگانە ئىكەنلىكىدە كۆپ ئەقىللەر بىردەك يەكۈنگە كېلەلەيدۇ. ئەمما ئۇ ياراتقۇچىنىڭ كىم ئىكەنلىكىدە ئەقىللەر كۆپ خاتالىشىدۇ. بۇ سوئالغا ئىشەنچلىك خەۋەر، سىرتقى دەلىللەر ۋە شۇنىڭدەك ئۆزىنى ياراتقۇچى دېگەنلەرنىڭ ئېتىقاد پرىنسىپلىرىغا قاراش كېرەك بولىدۇ. ئىنسانلىق تەبىئىتىمىزگە ماس كەلگەن پرىنسىپ ۋە تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان ئېتىقاد ئىنسانلىقنى ئىنشا قىلغان زاتقا قارىتا توغرا ئېتىقاد ھېساپلىنىدۇ. چۈنكى ئىنساننى ئېتىقاد قىلغۇچى سۈپىتىدە ياراتقان زات ئۇنىڭ قايسى خىل ھاياتقا ۋە تاللاشقا ماس كېلىدىغان بىر جانلىق ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ.

توغرا ئېتىقاد بىزگە ياراتقۇچىنىڭ قانداق ياراتقانلىقىنى ئېيتىپ بېرەلەيدۇ. بىزنىڭلا ئەمەس، دۇنيانىڭ قىممىتىنى بەلگىلەپ بېرەلەيدۇ. توغرا ئېتىقاد تۇيغۇمىزنى، تەپەككۇرىمىزنى ۋە ھەرىكەتلىرىمىزنى مەشغۇل قىلىشلا ئەمەس، بەلكى توغرا شەكىلدە سەرپ قىلدۇرىدۇ.

بۇ بىر قاتار تەپەككۇرلار ئارقىلىق ھاسىل بولغان ئېتىقاد تەۋرەنمەس، كۈچلۈك ۋە چىن بولىدۇ. كىمگە نېمە ئۈچۈن ئېتىقاد قىلغانلىقىمىزنى بىلىمىز. بۇ بىلىش ئەقلىمىزنى، قەلبىمىزنى ئىتائەتكە زورلايدۇ. بۇ بىلىش كۆرمىگەن ۋە تەسەۋۋۇر قىلالمىغان جازادىن بىزنى قورقىتالايدۇ. بۇ بىلىش كۆرمىگەن ۋە تەسەۋۋۇر قىلالمىغان كاتتىلىق، كۈچ ۋە چەكسىزلىكنى ھېس قىلدۇرالايدۇ. بۇ ۋاقىتتا بىز ئېتىقادىمىز ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىمىز. ئېتىقاد قىلغۇچى ئوبرازىمىز سىرتقى كۈچ سەۋەبلىك شەكىللەنمەيدۇ. بەلكى ئۇنى بىز ئېتىقادىمىزبىلەن ئۆزىمىز شەكىللەندۈرىمىز. ياراتقۇچىنى ھەر ۋاقىت ھېس قىلىپ تۇرالايمىز. ئېتىقادىمىزنى ۋاقىتلىق باغلىنىشلار ئاجىزلاشتۇرالمايدۇ. بۇ دىندا چىن ئىشىنىش دەپ ئاتىلىدۇ.

ئەگەر يۇقىرىدىكى ئېتىقادنى ئىسلام ئېتىقادى دېگىنىمىزدە، ئاللاھنى ياراتقۇچىم دەپ بىلگەن، ئۇنىڭ چەكسىز قۇدرەت ساھىبى ئىكەنلىكى ۋە ئىدارە قىلغۇچىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەن، بۇ يەكۈنلەر نەتىجىسىدە ئاللاھقا ياراتقۇچى دەپ مۇستەھكەم باغلانغان بىر كىشى ئاللاھ ئۈچۈن تۇيغۇسىنى، تەپەككۇرىنى ۋە ئىش ھەرىكەتلىرىنى ئاللاھ قۇرئاندا بايان قىلغان ئېتىقاد پىرىنسىپلىرى ۋە تەلەپلىرى ئاساسىدا قايتىدىن بەلگىلەيدۇ. دوستلىرى، دۈشمەنلىرى، گۈزەللەر ۋە سەتلەر، توغرىلار ۋە خاتالار، خۇشلار ۋە خۇشسىزلار، جاپالار ۋە بەختلەر ھەممىگە قايتىدىن باھا بېرىدۇ. سۆزلىرىدە ئاللاھقا بولغان ئىشەنچ ۋە ئاللاھقا بولغان ئەسلەش ئەكس ئېتىدۇ. ۋەدىلىرىدە ئاللاھقا بولغان سەممىيەت ھېس قىلىنىدۇ. گۇۋاھلىقىدا ئاللاھنىڭ كۆزىتىۋاتقانلىقىنى بىلىدۇ. ئاللاھنىڭ سۆزلىرى قەلبىنى تىترىتەلەيدۇ. ئۆزىگە ياراتقۇچىسىنىڭ خەۋىرىنى بەرگەن ۋە ئۇنىڭ ئاللاھ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەرگەن پەيغەمبەر ھاياتىدىكى ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىسى بولىدۇ. ئۇنى جېنى بىلەن قوغدايدۇ. ئاللاھ بىلەن يالغۇز قېلىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئاللاھنى ئۇنتۇمايدۇ. ئاللاھنىڭ سۆيۈپەتلىرى قەلبىدە مۇستەھكەم ئورنايدۇ. ھاياتىنىڭ ھەربىر بۇلۇڭلىرىدا ئاللاھنىڭ يارىتىش قۇدرىتىنى كۆرەلەيدۇ. چۈشلىرىدە پەردەۋىستە دۇنيادا ئېتىقادى ئۈچۈن ۋاز كەچكەنلىرىگە ئېرىشكەن ھالىتىنى چۈشەيدۇ. نەتىجىدە ئۆزى ئېتىقادقىلغان زاتنىڭ ھەقىقىي ياراتقۇچى ئىكەنلىكىنى ھېسقىلىدۇ. قەلبىدىكى ھوزۇر، ئەقلىدىكى سەگەكلىك، ۋۇجۇدىدىكى كۈچ ئېتىقاد پىرىنسىپلىرى ۋە تەلەپلىرىنىڭ ھەقىقىي ياراتقۇچى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. بۇ كىشىنىڭ ئىسمى مۇئمىن-مۇسۇلمان بولىدۇ.

«مۇئمىنلەر ھەقىقەتەن بەختكە ئېرىشتى. (شۇنداق مۇئمىنلەركى) ئۇلار نامازلىرىدا (ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقىدىن سۇر بېسىپ كەتكەنلىكتىن) ئەيمىنىپ تۇرغۇچىلاردۇر. ئۇلار بىھۇدە سۆز، بىھۇدە ئىشتىن يىراق بولغۇچىلاردۇر. ئۇلار زاكات بەرگۈچىلەردۇر. ئۇلار ئەۋرەتلىرىنى (ھارامدىن) ساقلىغۇچىلاردۇر. (يەنى ئەۋرەتلىرىنى) پەقەت خوتۇنلىرىدىن، چۆرىلىرىدىن باشقىلاردىن ساقلىغۇچىلاردۇر (بۇلار بىلەن يېقىنچىلىق قىلغۇچىلار مالامەت قىلىنمايدۇ). بۇنىڭ سىرتىدىن (جىنسىي تەلەپنى قاندۇرۇشنى) تەلەپ قىلغۇچىلار ھەددىدىن ئاشقۇچىلاردۇر. ئۇلار (يەنى مۇئمىنلەر) ئۆزلىرىگە تاپشۇرۇلغان ئامانەتلەرگە ۋە بەرگەن ئەھدىگە رىئايە قىلغۇچىلاردۇر. ئۇلار نامازلىرىنى (ۋاقتىدا تەئدىل ئەركان بىلەن) ئادا قىلغۇچىلاردۇر. ئەنە شۇلار (يەنى يۇقىرى سۈپەتلەرگە ئىگە مۇئمىنلەر نازۇ نېمەتلىك جەننەتنىڭ) ۋارىسلىرىدۇر. ئۇلار (يۇقىرى دەرىجىلىك جەننەت) فىردەۋسكە ۋارىسلىق قىلىدۇ، فىردەۋستە مەڭگۈ قالىدۇ»[1].

بۇ ماقالىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: ئوبۇلقاسىم ئەھمىدى

[1] ئەل مۇئمىنۇن سۈرىسى، 1 ـ ئايەتتىن 11 ـ ئايەتكىچە



# باغدادتا چاقنىغان مەرىپەت يۇلتۇزى — ئەللامە ئوسمان كاشغەرىي

ئابدۇللا روزىمۇھەممەد

مەرىپەت ئاسمىنىدىكى كاشغەرىيلەردىن باغدادتا چاقنىغان چولپان ـ ئەللامە ئوسمان كاشغەرىيدۇر.

ئەللامە ئوسمان كاشغەرىي ھەنەفىي مەزھىپىدە يېتىشكەن فەقىھ، شۇنداقلا ئۆز نۆۋىتىدە بەلگىلىك ئورۇنغا ئىگە مۇھەددىس.

ئۇ ئىسلام دۇنياسىدا مەشھۇر فەقىھ ۋە ھافىزلاردىن: ئىسلام فىقھىسىدىكى ئېنسىكلوپېدىك ئەسەر ـ «المغني» دېگەن ئەسەرنىڭ مۇئەللىپى كاتتا ئالىم ئىبنى قۇدامە (1147 ـ 1223)، ئىلىم ساھىبلىرى ئارىسىدا مۇتەداۋىل (كۆپ قوللىنىلىدىغان) ئەسەر- «عمدة الأحكام» دېگەن ئەسەرنىڭ مۇئەللىپى ھافىز ئابدۇلغەنىي (1147 ـ 1203) قاتارلىق ئەللامىلەرنىڭ ئۇستازىدۇر.

ئەرەبچە مەنبەلەردە ئەللامە ئوسمان كاشغەرىينىڭ ھاياتى توغرىسىدا تەپسىلى مەلۇماتلار يوق دېيەرلىك. ئۇيغۇرچە مەنبەلەردە بولسا ئۇنىڭ ھەققىدە ئۇچۇرمۇ يوق. شۇڭلاشقا كەمىنە ئۇنىڭ ھەققىدىكى مەلۇماتلاردىن مەرىپەت تەشنالىرىغا بىر قانچە تامچە سۇنماقتىن ئۆزگىگە ئۆزۈر سورايمەن.

ئەللامە ئوسمان كاشغەرىينىڭ تولۇق ئىسمى

ئەللامە ئوسمان كاشغەرىينىڭ تولۇق ئىسمى: ئەبۇ ئەمرى ئوسمان ئىبنى يۇسۇف ئىبنى ئەييۇب ئىبنى ئۇزارتۇق كاشغەرىي باغدادىيدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ ئاتىسى يۇسۇف ئىبنى ئەييۇب ئۇزارتۇق ئەسلى قەشقەرلىك بولۇپ، كېيىن باغداتقا كۆچۈپ كېلىپ، باغدادتىكى ئابباسىيلار خەلىپىسى مۇستەزھىر بىللاھنىڭ قوتنىدا ئىشلىگەن.

ئۇسمان كاشغەري باغدادتا تۇغۇلغان، كىچىك چاغلىرىنى باغدادتا ئۆتكۈزگەن. ئۇنىڭ ئۆيى باغداتتىكى «سۇۋەيقۇلئەمىد» دېگەن جايدا ئىدى.

ئۇ كىچىكىدىنلا ئىلىمگە بېرىلىپ ھەنەفىي مەزھىپىدىكى يېتۈك فەقىھ بولۇپ يېتىشىپ چىققان.

ئەللامە ئۇسمان كاشغەرىينىڭ ئۇستازلىرى

ئەللامە ئۇسمان كاشغەري ئىسلام دىيارلىرىدىكى كاتتا ئالىملاردا ئىلىم تەھسىل قىلغان.

ئۇ باغدادتا ئەبۇلمەئالى ئىبنى ھەنىيفە، ئەبۇلفەتھ بەتتىي، ئەبۇ بەكرى ئىبنى نەققۇر ۋە ئەبۇ تالىب ئىبنى خىزىر قاتارلىق ئالىملاردا ئوقۇغان.

ئەللامە ئۇسمان كاشغەري يۇقىرىقى ئالىملارنىڭ ھوزۇرىغا پەرزەنتلىرى بىلەن بىرگە كېلىپ، ئىلىم تەھسىل قىلاتتى. ئۇنىڭ ئوغلى ئىبراھىم كاشغەرىيمۇ ئاتىسى كەبى كاتتا مۇھەددىس بولۇپ يېتىشكەن.

ئەللامە ئۇسمان كاشغەري ۋاسىت شەھرىگە بېرىپ، ئەبۇجەئفەر ھىبەتۇللاھ بۇقىيدىن تەلىم ئالغان، كېيىن دەمەشىققە بېرىپ كاتتا ئالىم ئىبنى ئەساكىردا ئوقۇغان.

ئەللامە ئۇسمان كاشغەرىينىڭ شاگىرتلىرى

ئەللامە ئۇسمان كاشغەري كۆپ شاگىرتلارنى يېتىشتۈرگەن.

«الجواهر المضية» دېگەن ئەسەردىكى مەلۇماتقا قارىغاندا: ئەللامە ئۇسمان كاشغەري خەلىپە مۇستەنجىد بىللاھنىڭ دەۋرىدە باغدادتىكى ئوردىدىن مەلۇم بىر ۋەزىپە ئۈچۈن دەمەشىققە سۇلتان نۇرىددىن زەنكىينىڭ ھوزۇرىغا ئەۋەتىلگەن. ئۇ دەمەشىقتە شاگىرتلارغا ھەدىستىن تەلىم بەرگەن.

ئەللامە ئۇسمان كاشغەرىينىڭ شاگىرتلىرى ئىچىدە ئىسلام دۇنياسىدا تونۇلغان كاتتا فەقىھلەر ۋە ھەدىس ئىلمىدە يېتىشكەن ئۆلىمالارمۇ ئاز ئەمەس ئىدى.

«ذيل تاريخ بغداد»، «الجواهر المضية» دېگەن ئەسەرلەردىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا: ئەللامە ئۇسمان كاشغەرىيدىن ھەدىس تەلىم ئالغان شاگىرتلىرىدىن:

ئىسلام فىقھىسىدىكى ئېنسىكلوپېدىك ئەسەر ـ «المغني» دېگەن ئەسەرنىڭ مۇئەللىپى

كاتتا فەقىھ ئىبنى قۇدامە مەقدىسى ۋە ئۇنىڭ قېرىندىشى ئەبۇ ئەمرى مەقدىسى. «عمدة الأحكام» دېگەن مەشھۇر ئەسەرنىڭ مۇئەللىپى ھافىز ئابدۇلغەنى ئابدۇلۋاھىد قاتارلىق ئەللامىلەرنى كۆرسىتىش مۇمكىن[1].

ئەللامە ئۇسمان كاشغەرىينىڭ ۋاپاتى

«ذيل تاريخ بغداد» دېگەن ئەسەرنىڭ مۇئەللىپى ئىبنى نەججار ئەللامە ئۇسمان كاشغەرىينىڭ قاچان ۋاپات بولغانلىقى ھەققىدە ئۇنىڭ ئوغلى ئىبراھىم كاشغەرىيدىن سورىغاندىن كېيىن، بەرگەن مەلۇماتىغا قارىغاندا: ئەللامە ئۇسمان كاشغەرىي ھىجرىيە 566 ـ ياكى 567 ـ يىلى ۋاپات بولغان، ئۇ ۋاپات بولغاندا يېشى ئاتمىشتىن ئۆتكەن[2].

«الجواهر المضية» دېگەن ئەسەردىكى مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا: ئەللامە ئۇسمان كاشغەرىي تەخمىنەن ھىجرىيە 567 ـ يىلى (مىلادىيە1171 ـ يىلى) ئىراقنىڭ ۋاسىت شەھىرىدە ئاتمىش نەچچە يېشىدا ۋاپات بولغان[3].

ئاللاھ ئالىممىزنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىپ، ياتقان يېرىنى جەننەتتىن قىلغاي!

پايدىلانغان ماتېرىياللار:

ئىمام ئابدۇلقادىر قۇرەشىينىڭ «الجواهر المضية» دېگەن ئەسىرى، ھىندىستان «مجلس دائر المعارف النظامية» مەتبەئە نەشرىياتى، بىرىنچى باسمىسى

ئىمامئىبنى نەججارنىڭ «ذيل تاريخ بغداد» دېگەن ئەسىرى. لۇبنان «دار الكتاب العربي» نەشرىياتى.

بۇ ماقالىنىڭ تەكلىپلىك مۇھەررىرى: فارۇق مۆھتەرەم.

[1] «ذيل تاريخ بغداد» 2 ـ قىسىم 542 ـ بەت، «الجواهر المضية» 643 ـ بەتلەرگە قاراڭ.
[2] «ذيل تاريخ بغداد» 2 ـ قىسىم 542 ـ بەت.
[3] «الجواهر المضية» 643 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# ئۈچ پاي ئوق

(ھېكايە)

ھەبىبۇللا ئابلىمىت

كۆزلىرىڭنى يۇمۇۋېلىشىڭ، قۇلاقلىرىڭنى ئېتىۋېلىشىڭ مۇمكىن. ئەمما، ئويلىماستىن تۇرالمايسەن.

—— چىڭغىز ئايتماتوف

گەرچە ھەمەل ئېيى كىرىشكە ئاز قالغان بولسىمۇ، ئەمما ھاۋا ئىنتايىن سوغۇق بولۇپ، قارنىڭ شەپىسىدىن بىشارەت بېرىپ تۇراتتى. بۈگۈن يالغۇز تەبىئەتنىڭ قاپىقى تۈرۈك بولۇپلا قالماستىن، پۈتۈن مەھەللە خەلقىنىڭ، جۈملىدىن پۈتۈن غۇلجا خەلقىنىڭ ھەتتا پۈتۈن بىر ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ بېشى دەردتە ئىدى. بولۇپمۇ مېنىڭ ئۈچۈن بۈگۈن ھاياتىمدىكى ئەڭ قاباھەتلىك كۈن بولۇپ ھېسابلىناتتى.

چۈنكى بىر ئائىلىدىكى ئۈچ كىشى بىر ۋاقىتتىلا بۇ ئادالەتسىز دۇنيادىن ۋاقىتسىز خوشلاشقانىدى. ئەنە مەھەللىمىزنىڭ مەسچىت قورۇسىدا قاتار ئۈچ تاۋۇت تۇرىدۇ. ئىچىدە ئۈچ گۇناھسىز ئىنساننىڭ مۇزلىغان تېنى مەڭگۈلۈك سۈكۈت ئىچىدە ياتىدۇ.

مەن بۇ قورقۇنچلۇق خەۋەرنى ئاڭلىغان چېغىمدا مېڭەمنىڭ ئىچىدىن، يۈرىكىمدىن ۋە روھىمدىن ئىشقىلىپ ھەممە يېرىمدىن بىر ئاۋازنىڭ ساداسى كەلگەندەك بولدى. ئەقلىمدىن بوران چىققاندەك مېڭەمنى قوچۇيتتى، يۈرىكىم قىياغا چۈشۈپ كېتىۋاتقان ياپراقتەك چارىسىزلىقتىن، ئەلەمدىن تىترەپ تۆۋەنگە قاراپ ئېغىيتتى. ئەڭ مۇھىمى ئازراق ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئاڭلىغان بۇ يامان خەۋەر ماڭا ناتونۇش ئەمەستەك، ھەر ۋاقىت يۈز بېرىۋاتقان ئىشتەك، ھەتتا بۇندىن كېيىن، بۇنىڭدىنمۇ دەھشەتلىك

خۋەرنىڭ كېلىدىغانلىقىنىڭ بېشارىتىدەك تۇيۇلۇشى ئىدى. نېمە دېگىنىم بىلەن بۇگۈنكىسى يەنىلا غەم-قايغۇ، بىئاراملىق، كۆڭۈلسىزلىك، قورقۇنچلۇق كۈنلەرنىڭ هاياتىمدىكى ئەڭ چوڭى ئىدى. بىر جۈپ كۆزۈمدىن ئېقىۋاتقان ياش مەزلۇم يۈرىكىمدىن ئاققان قان تامچىلىرى ئىدى.

مانا مۇشۇ ئېچىنىشلىق ئۆلۈم سەۋەبىدىن مەھەللىمىزدىكى قوشنا-خولۇمنىڭ ھەممىسى، مەسچىتنىڭ ئالدىغا توپلاشقان ئىدى. ئەرلەرنىڭ چىرايىدا شۇنچىلىك دەرىجىدىكى ئاچچىق غەزەپ-نەپرەت، ئىنتىقام ئوتىنىڭ ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇراتتى. باللار، ئاياللارنىڭ كۆزلىرى يىغىدىن قىزىرىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلار ئەلەملىك ئېچىنىش، قورقۇش، ئەنسىرەش ۋەھىمىسى ئىچىدە مىشىلداپ يىغلايتتى. يەنە بەزىلەر مەسچىتنىڭ تام ياقىلىرىدا ئۆرە تۇرغۇزۇپ قويغان ئۆلۈكتەك ھېچ نېمىنى ئاڭقىرالماي، يىراقتىن جامائەتنى كۆزىتىپ تۇرغان ساقچى ماشىنىسىغا ئەندىشىگە چۆككەن ھالدا قاراپ تۇرۇشاتتى. دېمەككى، ئۇلار «بۈندىن كېيىن ھەممىمىز ئۆلۈمگە مەھكۇم بوپتۇقتە» دەپ، ئۈمىدسىزلىك قايىنىمىغا چۆككەنلەردىن ئىدى.

تۇساتتىن مەسچىتنىڭ ئىمامى جامائەتنىڭ ھەممىسىنىڭ قورۇغا كىرىشىنى، مېيىتلەرنىڭ نامىزىنى چۈشۈرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. بىردىنلا يۈرىكىم كەچ كۈزدە شاختىن يەرگە دوككىدە چۈشكەن ئالمىدەك، بېغىشىدىن ئۈزۈلۈپلا كېتىدىغاندەك بولۇپ كەتتى. مەن ھەرقانداق ئېھتىماللىقنى ئويلىغان بولسامۇ، ئەمما، بۇنداق ئېچىنىشلىق ۋەقەنىڭ سادىر بولىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالمىغان ئىدىم.

بىردەمدىلا مەسچىت قورۇسىنىڭ ئىچى جامائەت بىلەن لىق تولدى. جامائەتنىڭ ئالدىدا قاتار ئۈچ تاۋۇت تۇراتتى. بۇ تاۋۇتلارنىڭ ئىچىدىكى بىزدىن مەڭگۈلۈك ئايرىلغان بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ مۇبارەك جەسىتى ئىدى. ئوڭ تەرەپتىكى بىرىنچى تاۋۇتتا مەھەللىمىزنىڭ مۆھتەرەم مۇئەززىنى موللاخۇن ئاكىنىڭ جەسىتى بار ئىدى. ئىككىنچى تاۋۇتتىكىسى موللاخۇن ئاكىنىڭ بىر ئۆمۈر جاپادا بىرگە بولغان قەدىناس ھەمراھى ھاۋاخان ئانا ئىدى. ئۈچىنچى تاۋۇتتىكىسى بولسا ئۇلارنىڭ سۆيۈملۈك ئوغلى، ئىككى دۇنيالىق پەرزەنتى زۇلپىقار ئىدى.

موللاخۇن ئاكا يېشى 70 تىن ئاشقان ئاپئاق ساقاللىرىنى رەتلىك تاراپ، ناھايىتى پاكىز كىيىنىپ يۈرۈيدىغان، ئوتتۇرا بويلۇق، خىزىر سۈپەت ئادەم ئىدى. ئەسلىدە مۇشۇ مەھەللىمىزدىكى مەسچىتنىڭ مۇئەززىنى ئىدى. موللاخۇنكام بىلەن ھاۋاخان ئانا ئىككىسى ھېچ بالا يۈزى كۆرمىگەن بولۇپ، ياشلىرى 50 تىن ئاشقاندا بىر ئوغۇلنى بېقىۋالغان ئىدى. ئۇ بولسىمۇ مەھەللىمىزدىكى ھازىرقى ياشلارنىڭ ئالدى زۇلپىقار ئىدى. مانا بۇ ئەمدىلا 20 گە كىرگەن باھادىر يىگىت، قارا كۆزلىرىنى، تاتارغان لەۋلىرىنى مەڭگۈلۈك يۇمۇپ ئالدىمىزدىكى تاۋۇتنىڭ ئىچىدە ياتاتتى. بۇ يىگىت تولۇقسىز ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈپلا ياشانغان بوۋاي-مومايىنى بېقىش ئۈچۈن، مۇزدوزلۇق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھۈنىرىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئۆگەنگەندىن كېيىن ئۆز ئالدىغا دۇكان ئېچىپ، تۇرمۇشنىڭ كاتاڭلىق يوللىرىدا ھاياتلىق ھارۋىسىنى تارتىشقا باشلىغان كاسىپلاردىن ئىدى.

بۇ يىل 5-فېۋرال غۇلجا قىرغىنچىلىقىدا زۇلپىقارنىڭمۇ قولغا ئېلىنغان خەۋىرى مەھەللىمىزگە يېتىپ كەلگەنىدى. بۇ ۋەقە پۈتۈن مەھەللە ئاھالىسىنى شۇنداق ساراسىمىگە سېلىۋەتكەنىدى. مەھەللىمىزدە زۇلپىقاردىن باشقا يەنە ئونغا يېقىن بالا قولغا ئېلىنغان ئىدى. بۇ قورقۇنچلۇق خەۋەردىن كېيىن ياشىنىپ قالغان موللاخۇن ئاكىمۇ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. ئارىدىن بىر ئاي ئۆتكەندە يەنى ئالدىنقى كۈنى زۇلپىقارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەنلىك ھۆكۈمى ئېلان قىلىنغانلىقى ۋە ئىككى كۈندىن كېيىن ھۆكۈمنى ئىجرا قىلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ قاباھەتلىك خەۋەر يەنە مەھەللىمىزگە يېتىپ كەلدى.

مانا بۈگۈن سەھەردىلا ھاۋاخان ئانا ئوغلى بىلەن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم كۆرۈشۈۋېلىش ئۈچۈن بازارغا بارغان. چۈنكى بۈگۈن زۇلپىقار قاتارلىق ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان يىگىتلەرنى، شەھەرنىڭ چوڭ كوچىلىرىدا ئايلاندۇرۇپ، خەلققە «ئىبرەت» ئالغۇزغاندىن كېيىن، ھۆكۈمنى ئىجرا قىلماقچى بولغان. ئەمما خەلق ھېچ ئىككىلەنمەي ئۆز قەھرىمانلىرىغا مەدھىيەلەر ئوقۇغان. ئۇلارغا قوللىرىنى كۆتۈرۈپ، يىغلاپ تۇرۇپ، دۇئالار قىلغان. يولنىڭ چېتىدىكى مىڭلىغان ئادەملەر دېڭىزى ئىچىدە، ھاۋاخان ئانىمۇ، ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئۆز يۈرەك پارىسىنىڭ دىدارىنى بىر كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن، ماغدۇرسىز بەدىنى، نۇرسىز كۆزلىرى بىلەن ئۆز ئوغلىنى بېسىپ ماڭغان ماشىنىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈشىنى ئاللاھتىن يۈزمىڭ قېتىم تىلەپ، يولغا تەلمۈرۈپ قاراپ تۇرغان ئىدى. ئەپسۇس جاللاتنىڭ پىلىمۇتىدىن تاتاتلاپ ئېتىلغان ئوقتىن ئۆلگەن بىگۇناھ يول ياقىسىدىكى يۈزلىگەن ئىنسانلار قاتارىدا، ھاۋاخان ئانىنىڭ ماغدۇرسىز بەدىنىمۇ ساق قالمىغان ئىدى. بۇ پاجىئەلىك تراگېدىيەدىن خەۋەردار بولغان موللاخۇن ئاكىمۇ شۇ ھامان جان ئۈزگەن ئىدى.

دەل مانا مۇشۇ ئەڭ تراگېدىيەلىك مىنۇتلاردا، زۇلپىقار جازا مەيدانىغا كېتىپ باراتتى. ئۇ ئۆز خىيالىدا ئۆزىنى مىڭ مۇشەققەتتە بېقىپ قاتارغا قوشقان مېھرىبان ئاتا-ئانىسىغا ئۆز يۈرەك سۆزلىرىنى ئىزھار قىلىۋاتاتتى. ئۇ باشلىرى ئېگىك ھالدا، ھارغىن بەدەنلىرىنى ئازراق مىدىرلىتىپ، ئازابقا تولغان دىلىدا، ۋىجدان قەلىمى بىلەن مۇنداق مەكتۇپ يېزىۋاتاتتى: «ئەي سۆيۈملۈك دادا! كىچىك ۋاقتىمدا تىزىڭدا ئولتۇرۇپ، ساقاللىرىڭنى ئويناپ تۇرۇپ، مېنىڭ ئىسمىمنى نېمىشقا زۇلپىقار قويدۇڭ دېگىنىمدە، سەن ماڭا مۇنداق جاۋاب بەرگەن ئىدىڭ. ‹ئوغلۇم ئوبدان قۇلاق سال! زۇلپىقار دېگەن بۇ مۇبارەك نام سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھەزرىتى ئەلىگە بەرگەن ئىككى ئۈچلۈق قىلىچىنىڭ شانلىق ئىسمىدۇر. ھەزرىتى ئەلى بولسا يىگىتلەرنىڭ پىرىدۇر. زۇلپىقار ناملىق قىلىچىنىڭ بىر ئۈچى ئىلىمگە، بىر ئۈچى ئادالەتكە سىمۋول قىلىنغان. بىز مۇسۇلمانلارنىڭ قىلىچى ئىلىم

ۋە ئادالەتنى ئۆزىگە مۇقەددەس ۋەزىپە قىلغان. ئۆز زامانىسىدا مۇسۇلمانلار فەتھى قىلغان يەرلەرگە ئىلىم بىلەن ئادالەتنى يايغان. شۇڭا مەن ئۆز ئوغلۇمنى بىلىملىك ۋە ئادالەتلىك بولسۇن ھەمدە ئادالەت ئۈچۈن كۈرەش قىلسۇن دەپ، ئىسمىنى زۇلپىقار قويدۇم» دەپ جاۋاب بەرگەن ئىدىڭ. گەرچە مەن تۇرمۇشنىڭ قىيىنچىلىقى سەۋەبىدىن ئىلىملىك بولالمىسامۇ قىسقىغىنە بۇ ھاياتىمدا بىر ئىنساندەك ياشىدىم. ھەمدە ئاشۇ مۇقەددەس ئادالەت ئۈچۈن، ئەركىنلىك ئۈچۈن دوستلىرىم بىلەن بىرگە نامايىش قىلدىم. مانا شۇ تاپتا، پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئورتاق بولغان ئاشۇ ئەركىنلىك ئۈچۈن، ئۆز پىكىرلىرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويۇشنىڭ ئۆزىبىر چوڭ جىنايەت دەپ قارالغان بۇ ئادالەتسىزلىكنىڭ قۇربانى بولۇپ تۇرماقتىمەن. مېنىڭ ئارزۇيۇم مۇنداق ئۆلۈش ئەمەس ئىدى. پەقەت ئاددى، ئەركىن بىر پۇقرا بولۇپ، سىلەرگە خاتىرجەم بىر تۇرمۇش ئاتا قىلىشنىلا ئويلايتتىم. ئەكسى ھالدا ھازىر قوللىرىم ئارقىدىن چەمبەرچەس باغلانغان، باشلىرىم ئېگىلگەن ھەتتا تىللىرىم قىللار بىلەن چېگىلگەن ھالدا خەلقى ـ ئالەم ئالدىدا سازايە قىلىنىۋاتىمەن. جېنىم ئانا! دادا! سىلەرنىڭ بۇنداق قايغۇرۇشۇڭلارغا جاۋابكارلىق مەندە ئەمەس. مۇشۇ ئادالەتسىز جەمئىيەتتە، ھاكىمىيەتتە، سىياسىي تەڭسىزلىكتە، تاجاۋۇزچىلىقتا. تەخمىنەن بىر سائەتتىن كېيىن ئىسمىم زۇلپىقارغا مۇناسىپ ھالدا، ئادالەت ئۈچۈن، ئەركىنلىك ئۈچۈن ئۆلىمەن. بۇ مېنىڭ سىلەرگە دەۋاتقان ئەڭ ئاخىرقى سۆزلىرىم. ئەمما بۇ سۆزلەرنى تىلىم بىلەن ئەمەس، دىلىمدىن دەۋاتىمەن. چۈنكى تىلىم زالىملارنىڭ قىلى بىلەن باغلانغانلىقى ئۈچۈن، ئاشۇ تىلىمنى ئۇلۇغ ئاللاھ تەرىپىدىن پەقەت ۋە پەقەتلا ئۆزۈمگىلا خاس قىلغان كىچىككىنە ئېغىز بوشلۇقىدىمۇ ئەركىن ھەرىكەت قىلدۇرۇشقا ئىمكانسىزمەن. ئەمما، ھەسرەتلىرىم بىغۇبار قەلبىمدە، مىللەتكە جۈملىدىن سىلەرگە بولغان سۆيگۈمنىڭ مەڭگۈلۈك ماكانى مۇقەددەس روھىمدا!

ئەي! دادىلارنىڭ دادىسى، ئانىلارنىڭ ئانىسى بولغان ئاتا ـ ئانام مىڭ قېتىم، ئون مىڭ قېتىملاپ سىلەرگە، سىلەرنىڭ ئاتا ـ ئانىلىق يۈرىكىڭلارغا سىغىنىپ بىر ئۆمۈر مەڭگۈلۈك قەرزدار ئوغلۇڭلار بولۇپ قالىمەن. سىلەرنىڭ ئۈمىد كۆزلىرىڭلارنى ياشلاپ، ئاشۇ نۇرسىز كۆزلىرىڭلاردىن مەندىن كۈتكەن ئارزۇلىرىڭلارنى يۇلۇپ ئالغانلىقىم ئۈچۈن مېنى كەچۈرۈڭلار. مەن ئۆزۈمنى ئۆزۈمدىن ئۇلۇغ نەرسىگە بېغىشلىغانلىقىم ئۈچۈن ھېچ پۇشايمان قىلمايمەن. ئەلۋىدا دادا! ئەلۋىدا ئانا! ئەلۋىدا ۋەتىنىم!، ئەلۋىدا مەھەللەم! ئەلۋىدا دوستلىرىم!» .

زۇلپىقارنىڭ ئاشۇ دىلغۇبار كۆڭلىدىكى خىياللىرىدىن كېيىن، جازا مەيدانىدا ھۆكۈم ئىجرا قىلىنىپ، جەسىتىنى مەھەللىدىكىلەرگە ئىبرەت بولسۇن دېگەندەك قىلىپ مەسچىتكە ئەكىلىپ بەرگەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە ساقچى تەرەپ چوڭ بىر ۋەقەنىڭ توغۇلۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، دەرھال مېيىتنى دەپنە قىلىشقا بۇيرۇق بېرىپ، يىراقتىن نازارەت قىلىپ تۇرۇشاتتى. مانا جامائەتنىڭ ئالدىدىكى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تاۋۇتلاردا ئاشۇ ئۈچ بىگۇناھ بىر ئائىلە مەزلۇملارنىڭ مۇبارەك جەسەتلىرى بار ئىدى. ئىمامنىڭ رەڭگى-روھى ناھايىتى سولغۇن بولۇپ، ئىچىگە يوشۇرۇن بىر ۋەھىمە چۈشۈپ بىئارامچىلىق ئىچىدە باشتا موللاخۇنكام بىلەن ھاۋاخان ئانىنىڭ مېيىت نامىزىنى چۈشۈردى ۋە جامائەتتىن ھالاللىق ئالدى. ئاخىردا زۇلپىقارنىڭ تاۋۇتى تەرەپكە بىر سۈرۈلۈپ نامىزىنى چۈشۈردى ۋە ئەلەمگە تولغان ئاۋازىنى تىترىتىپ تۇرۇپ جامائەتتىن «ھەققىڭلارغا رازى بولدۇڭلارمۇ!؟» دەپ ئارقا-ئارقىدىن ئىككى قېتىم سورىدى. بارلىق جامائەتنىڭ «رازى بولدۇق! رازى!» دېگەن ئاۋازلىرى مەسچىت تاملىرى ئۈستىدە سوغۇقتىن تۈگۈلۈپ تۇرغان مۇشۇكلەرنىمۇ ئۈركۈتۈپ قاچۇرۇۋەتتى. ھەتتا ئۇزۇن قىشنىڭ قەھرىتان سوغۇقلىرىدا، دەھشەتلىك قار-شىۋىرغانلىرىدا شاخلىرى ئېگىلىپ چارچىغان، ئۇيقۇغا پاتقان ئاق تېرەكلەرنىمۇ چۆچۈپ ئويغىتىپ ئۈستىدىكى قار-مۇزلارنى توزۇتۇپ، شاخلىرىدىكى قاغىلارنى ئۇچۇرۇۋەتتى. يىراقلاردا كۆرۈنۈپ تۇرغان ئابرال تاغلىرىدا ئۆزلىكىدىن سۇس ئۇچقۇنلار يېنىپ ئۆچكەندەك بولدى.

ئىمام ئۈچىنچى قېتىم «ھەققىڭلارغا رازىمۇ؟» دەپ سورىشىغىلا، قانداقتۇر ئارقا سەپتىن «ياق رازى ئەمەس» دېگەن ئاۋاز چىقتى. بۇ ئاۋاز كۆپچىلىكنىڭ قۇلىقىدىن كىرىپ ئۇدۇل مېڭىسىگە بېرىپ پارتلىدى. بۇ دەھشەتلىك پارتلاشنىڭ ساداسى ئۇلارنىڭ غەزەپ بىلەن ئارقىغا قارىغان كۆز چاناقلىرىدا ئۆز ئەكسىنى تاپقان ئىدى. مەسچىتنىڭ ھويلىسى توساتتىن چىققان بىر بوراننىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاندەك ئاستىن-ئۈستۈن بولۇپ كەتتى. بۇ ئاۋازدىن گاڭگىراپ قالغان ئىمام بىر ۋەقەنىڭ يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن دەرھال ھەرىكەتكە ئۆتتى. چۈنكى بۇ تەكەببۇرلۇق ۋە مۇغەمبەرلىككە تولغان ئاۋاز ئىمامغا يات ئەمەس ئىدى. ئۇ مەھەللىمىزنىڭ گورۇپپا باشلىقى، ئاساسىي قاتلامنىڭ مەھەللىدىكى پايلاقچىسى ھېكىماخۇننىڭ ئۆزىنىڭ ۋىجىككىنە ۋۇجۇدىغا ئوبدانلا ماسلىشىپ قالغان ئاۋازى ئىدى.

ئىمام قۇرۇپ قالغان يوپۇرماقتەك تىترەۋاتقان يۈرىكىنى تىڭشاپ تۇرۇپ، ئۆزىنى بىر ئاز بېسىۋېلىشقا تىرىشتى-دە، ئاندىن: «ھېكىماخۇن جامائەتنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ، ئۆز مۇددىئالىرىنى بايان قىلسىلا. مېيىتلەرنى يەرلىكىگە قويۇشتىن ئاۋۋال ھەممە ئىشنىڭ جامائەت ئالدىدا ئېنىق بولۇپ كېتىشى ھەممىمىز ئۈچۈن ياخشى» دەپ، بىر چەتتىن غودۇڭشۇۋاتقان جامائەتنى بېسىشقا تىرىشتى. دەل مۇشۇ چاغدا ھېكىماخۇن جامائەتنىڭ ئالدىغا چىقىپ قويۇن يانچۇقىدىن بىر ۋاراق ھۆججەتنى چىقىرىپ، مۇغەمبەرلىك بىلەن جامائەتنىڭ تېخىمۇ غەزىپىنى قوزغايدىغان ھەرىكەتلەرنى قىلىپ تۇرۇپ ئىمامغا تەڭلىدى ۋە «بۇ زۇلپىقارغا ئۆلۈم جازاسىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن ئېتىلغان ئۈچ پاي ئوقنىڭ ھەققى ئۈچۈن كېسىلگەن ھۆججەت. جەمئىي 60 يۈەن. بۇ پۇلنى ئەكىلىش ۋەزىپىسىنى ئاساسىي قاتلام رەھبىرى ماڭا بەردى. شۇڭا مېنىڭ دەرھاللا كېلىشىم. چۈنكى بۇ پۇلنى تۆلەيدىغانلارنىڭ ھەممىسى» دەپ ئارقىدا تۇرغان ئۈچ تاۋۇتقا بۇرۇلۇپ قاراپ قويدى ۋە قانداقتۇر ئىچىدە بىر قورقۇنچ

پەيدا بولدى. تىترىگەن قەدەملىرى بىلەن بىر چەتكە ئۆتۈپ، جامائەتنىڭ غەزەپ بىلەن تىكىلگەن كۆزلىرىدىن كۆزىنى قاچۇرۇپ، ئوۋچىدىن قېچىپ ئۇگۇسىغا كىرىشكە ئۈلگۈرگەن تۈلكىدەك شۈمشىيىپ تۇردى. بۇ ئۈچ پاي ئوق يالغۇز بىر جانغا زامىن بولماي، بەلكى ئۈچ جانغا تەڭ تەككەنلىكى ھېكماخۇنغىمۇ بەش قولدەك ئايان ئىدى.

ئىمام تېرىلىرى ئۇستىخىنىغا چاپلىشىپ كەتكەن قوللىرى بىلەن تالۇنىنى ئېلىپ، بىر كۆز ئاتقاندىن كېيىن دەرھال ئەقلىنى تاپقاندەك يانچۇغىغا قولىنى سېلىپ قاتلاقلىق پۇللار ئارىسىدىن 60 يۈەننى ئايرىپ ھېكماخۇنغا بەرگەندىن كېيىن، جامائەتكە يۈزلىنىپ: «كۆپچىلىك ئۆزىمىزنى بېسىۋالايلى. ئالدىمىزدا ئۈچ مېيىت تۇرۇپتۇ. ھەممىمىز ناماز ئۈستىدە. بۇ پەقەت ھۆكۈمىتىمىزنىڭ ئىشلارنى قانۇنى رەسمىيەتلەرگە ئۇيغۇن ھالدا بېجىرىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن قىلىدىغان رەسمىيەتلىرى ئىكەن. مەن جامائەتنىڭ توپلىغان پۇلىدىن تۆلىۋەتتىم. چوڭ ئىش يوق. قېنى مېيىتلەرنى تۇرغۇزماي دەرھال نامىزىنى چۈشۈرۈپ يەرلىكىدە قويۇۋېتەيلى» دەپ، ئارقىدىنلا «زۇلپىقار ئوغلىمىزدىكى ھەققىڭلارغا رازىمۇ؟» دەپ، ئۈچىنچى قېتىملىق ھالاللىشىشنى ئۆزىنى پەرۋاسىز كۆرسىتىپ تۇرۇپ سورىغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ سوئالنىڭ ئوخشاش نازۇك قەلبتىن چىقىۋاتقان بىر ئەلەملىك مۇڭ ئىكەنلىكى ئىمامنىڭ ئاۋازىدىن بىلىنىپ تۇراتتى. كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى بىردەك «رازى بولسۇن! رازى! رازى!» دېگەن سادالىرىنىڭ قاراڭغۇ بۇلۇڭلاردىن، مەسچىت مۇنارلىرىدىن، كۆلەڭگىلەردىن ئەكس ساداسى كېلىپ، مەسچىت ھويلىسى تىترەپ كەتتى. بۇ ياڭرىغان سادا يارىلانغان كۆڭۈللەردىن چىقىۋاتقان بىر ئىنتىقامنىڭ مۇڭ زارى ئىدى. مانا بۇ ماتەم ئاۋازىغا تەبىئەتنىڭ ئورۇنلىغان ماتەم مېلودىيەلىرى قوشۇلۇپ ئەرشتىن ئاپپاق قار لەپىلدەپ يېغىشقا باشلىدى.

مىڭلىغان جامائەت ئۈچ تاۋۇتنى غوللىرىغا ئېلىپ تۇپراق بېشىغا قاراپ يول ئالدى. مەھەللىدىن بارغانسېرى ئۇزاقلىشىپ كېتىۋاتقان ئۈچ تاۋۇت، ئاپپاق قارلار ئىچىدە جامائەتنىڭ بېشى ئۈستىدە خۇددى دەھشەتلىك بىر دولقۇندا ئاپپاق يەلكەن ئېچىپ كېتىۋاتقان كېمىدەك كۆزۈمگە كۆرۈندى. مەن دەرھال ھوشۇمنى يىغىپ، كۆزۈمدىن ئاققان ئىزتىراپ ياشلىرىدا ئېرىگەن سۇلغۇن يۈزۈمدىكى قار ئۇچقۇنلىرىنى سۈرتىۋېتىپ، مۇقەددەس بىر ۋەزىپىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن ئادەم دېڭىزى ئىچىدىكى ئۈچ تاۋۇتنىڭ ئارقىسىدىن چاپتىم.

مەسئۇل مۇھەررىرى: مۇھەممەد يۈسۈپ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# دۇئايى مۇخەممەس



مۇھەممەدئىمىن تارىم

ئىلاھا باشلىدىڭ ھەقكە، ساڭا ھەمدۇ سانايىم بار،  
رەسۇلىڭ ھەق ـ مۇھەممەدگە دۇرۇت ھەمدە سالامىم بار،  
سېنىڭدىن باشقا يوق ھادى، دىلىمدا چىن قارارىم بار،  
ھەمىشە توغرىغا باشلا، قۇلۇڭمەن ئېھتىياجىم بار،  
سېنىڭدىن بولمىسا ئىلھام مېنىڭ قانداق ئامالىم بار؟.

ئىلاھا بىر غېرىبدۇرمەن، سېنىڭدىن باشقا يارىم يوق،  
ئەگەردە بولمىسا مېھرىڭ، يۈرەك توختايدۇ جانىم يوق،  
سېنىڭ ئىشقىڭدا مەجنۇنمەن، پەرى گەر بولسا رايىم يوق،  
سېنىڭدىن ئۆزگە يار تۇتسام جاپادىن باشقا ھالىم يوق،  
كۆڭۈلنى خۇش ـ ئارام قىلغان سېنىڭدەك دىلخۇمارىم بار.

ئىلاھا قۇدرىتىڭ چەكسىز، دىلى كورلار پەرىق ئەتمەس،  
ئىرادە بولمىسا سەندىن زەھەر يېسەم زەرەر يەتمەس،  
شەمەردەك ساز قىلىچلارمۇ ئىرادەڭسىز پەقەت كەسمەس،  
شىپالىق بولمىسا سەندىن داۋا بىلەن كېسەل كەتمەس،  
سېنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىڭ بىرلە تېنىمدە جان ـ مادارىم بار.

ئىلاھا بەرگىنىڭ نېمەت ئەگەر قەدرىن بىلىپ يەتسەم،
ئۇنىڭدۇر سەرخىلى ئىمان قىيامەتكە ئېلىپ كەتسەم،
ھاياتنىڭ قىممىتى بولماس ئەگەر ھەقتىن ئېزىپ كەتسەم،
پۈتۈن دۇنيا مېنىڭ بولسا نىشانىمدىن قېيىپ كەتسەم،
ئىلاھا ھەقتە سابىت قىل، داۋاملىق شۇ تىلەگىم بار.

ئىلاھا بەرگىنىڭ بايلىق، ۋۇجۇدۇمدا تىنىق بولسا،
نېمە ھەقتۇر، نېمە باتىل؟ دىلىمدا شۇ ئېنىق بولسا،
مۇھەببەت ـ نەپرىتىم روشەن، رېڭى دائىم قېنىق بولسا،
ئۇنىڭدىن چەكلىنىپ قالسام قىزىل رەڭلىك سىزىق بولسا،
ساڭا مىڭلاپ شۈكۈر قىلسام، يەنە مىڭلارچە قەرزىم بار.

ئىلاھا ھېكمىتىڭ كۆپتۇر، ئەقىدەسىز كىشى سەزمەس،
نىچۈن زالىمنى بار قىلدىڭ، سەۋەپ نەدۇر؟ بىلىپ كەتمەس،
«زىمىستان كۆرمىگەن بۇلبۇل باھارنىڭ قەدرىنى بىلمەس»،
«جاندىن كەچمىگەن ئاشىق جانانغا ھېچقاچان يەتمەس»،
ئەگەر جاننى پىدا قىلسام، باھارىم ھەم جانانىم بار.

ئىلاھا بىر قۇلۇڭدۇرمەن يارالدىم خاس ئىبادەتكە،
ماڭا ئىخلاسنى يار ئەيلە، سىلىپ قويما مالامەتكە،
كەچۈرگىن ھەر گۇناھىمنى، قويۇپ قويما قىيامەتكە،
ئىجابەت قىل دۇئايىمنى، ئېرىشتۈرگىن سائادەتكە،
ئىلاھا قىلمىساڭ رەھمەت، مېنىڭ نالە ـ پىغانىم بار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىكمە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئىلاھا بىر ۋەتەنسىزمەن، ماڭا ئالەمنى تار قىلما،
ساڭا مۇھتاج قەلەندەرمەن، مېنى ئىنسانغا زار قىلما،
رۇكۇ، سەجدەڭگە رام قىلغىن، لېكىن تاغۇتقا خار قىلما،
يېقىن كەلتۈرمە قۇللۇقنى، ماڭا ھەرگىزمۇ يار قىلما،
ساڭا خاس قۇل بولۇپ ئۆتسەم كۆڭۈل خۇرسەن، ئارامىم بار.

ۋەتەندىن ئايرىلىپ قالدىم، ئېچىلغان گۈل ـ باھارىم يوق،
تۇغۇلغان شۇ ئەزىز يۇرتۇم گويا جەننەت ماكانىم يوق،
كېزىپ ھەر يەرنى سەرسانمەن، ۋۇجۇدۇمدا ماجالىم يوق،
ياقا يۇرتتا ئۆلۈپ كەتسەم مېنى يوقلار جانانىم يوق،
ۋەتەنسىز قىلما يا رەببىي! سېنىڭدىن ئىلتىجايىم بار.

ئىلاھا كۆپ ئازاپ چەكتىم، ئاھۇ ـ زارىم ئېشىپ كەتتى،
پۈتۈن دۇنيا بىلىپ ھالىم، بولۇپ ھەيران قېتىپ كەتتى،
بەزەنلىرى ئىچ ئاغرىتىپ كۆز ياشلىرى ئېقىپ كەتتى،
بىراق تۇغقان، قېرىنداشلار يىراق مەندىن قېچىپ كەتتى،
بويۇن قىستۇرما ئىنسانغا، پەقەت سەن غەمگۈزارىم بار.

ئىلاھا بىر گۇناھىم بار ئەسىرلەردۇر داۋام قىلغان،
زىيالى ھەممە ئالىملار، بىلىمسىز ئەل ـ ئاۋام قىلغان،
بالالارمۇ ئەمەس خالى، دادام بەلكىم بوۋام قىلغان،
ئۇنىڭدىن ئايرىلالمايمەن كېچە ـ كۈندۈز ئۇۋام قىلغان،
كەچۈرگىن شۇ گۇناھىمنى كەيىپدۇر ئۇ خۇمارىم بار.

ئەجەپ ئەسكى خۇيۇم باركى، كىشىدىن ھېچ تېپىلمايدۇ،
ھەسەتخورلۇق ھۆكۈم سۈرگەچ، پەقەت كۆڭلۈم ئېچىلمايدۇ،
ئەگەر بىرىكىم مىدال ئالسا، قىزىل گۈللەر چېچىلمايدۇ،
سەۋەب شۇكى: كۆڭۈللەرنىڭ بېغى مەھكەم قېتىلمايدۇ،
ئىلاھا قىلمىساڭ نۇرلۇق، دىلىمدا بىر غۇبارىم بار.

ئىلاھا چورت يۇلۇپ تاشلا ھەسەت ھەمدە ئاداۋەتنى،
ئىچىگە كىرسە ھەركىمنىڭ ئارام بەرمەس كاساپەتنى،
زامانلاردۇر داۋام قىلغان، قېتىپ كەتكەن قاساۋەتنى،
ئەگەر چاپلاشسا مىللەتكە، چاقىرغاي ئۇ زاۋالەتنى،
ئىلاھا يۇلمىساڭ بۇ دەم، داۋام مەھكۇم بولارىم بار.

ئىلاھا بىلمىدىم ئەسلا نىزالارغا پېتىپ قالدىم،
ئەسىرلەردۇر تالاشتىمىز، نىمە پايدا تېپىپ قالدىم؟
قۇرۇق ئابرۇيغا مەپتۇن بوپ نىشانىمدىن ئېزىپ قالدىم،
بىراۋلار ئۇچسا ئاسماندا، ئېشەككە مەن مىنىپ قالدىم،
قۇتۇلدۇرساڭ نىزالاردىن، نىجاتلىقتىن ئۈمىدىم بار.

ئىلاھا نە زامان بولدى ئۆزۈم قىلغاننى سەزمەيمەن،
ھۆپۈپنى يۇڭدىماي يەيمەن، ھەسەلدىن قىلنى ئىزدەيمەن،
خاتا قايسى، دۇرۇس قايسى؟ تەپەككۇر ئىلە كەزمەيمەن،
ھامان غالىپ مېنىڭ نەپسىم خاتا قىلسامۇ تەزمەيمەن،
ماڭا ئىخلاسنى جا ئەيلە، ئەقىللەردىن گۇمانىم بار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر بېكىتى www.uyghurkitap.com

جاھاننى ئىزدىدىم، كەزدىم، ھەققەت كۆرمىدىم ئەسلا،

«ھەققەت ئۇ نىمە دۇر؟» دەپ شەيخدىن سورىدىم پەسلا،

«ھەققەت ئۇ ـ ‹مېنىڭ راس›» دەپ جاۋاپ بەردى ئۇرۇپ «قاس» لا،

ھەققەت ـ ئەسلى ئىنساپكەن، جاۋاپ تاپتىم ئۆزۈم تەسلا،

ئىلاھا قىلما ئىنساپسىز، ساڭا ھەردەم دۇئايىم بار.

ئىلاھا مەغپىرەت قىلغىن، گۇناھكار مىللىتىم باردۇر،

جاھالەتتىن يۇقۇملانغان بەزىبىر ئىللىتىم باردۇر،

كىمىكى چىقسا گەر تۈرگە، ئاڭا بىر تۆھمىتىم باردۇر،

تۈگىمەس جىدىلىم بولغاچ، داۋامەت زىللىتىم باردۇر،

مېنى مەھكۇم قىلىپ قويغان ئەنە شۇنداق گۇناھىم بار.

شىكايەت ئەيلىسەم يا رەب! زۇلۇم چەكتىن ئېشىپ كەتتى،

بىراق خەلقىم كۆرەش قىلماي جىدەللەرگە پېتىپ كەتتى،

ئەقىللىق مۆھتەرەملەرمۇ مۇھىم پەيتتە ئېزىپ كەتتى،

بىلمىدىم قايسىدۇر توغرا؟ بىشىممۇ بەك قېتىپ كەتتى،

قۇتۇلدۇرغىن جىدەللەردىن، تەخىرسىز ئىنتىقامىم بار.

ئىلاھا بىر مۇساپىرمەن دۇئايىمنى ئىجابەت قىل،

ماڭا قورغان بولۇپ كەلگەن ئەقىدەمنى سالامەت قىل،

ئىچىمدە بىر كاساپەت بار چىقىپ كەتسۇن ئىجازەت قىل،

يوقاتقىن ئۆچ ـ ئاداۋەتنى، مۇھەببەتنى داۋامەت قىل،

مۇھەببەت بولسا گەر دىلدا، ھەمىشە گۈل ـ باھارىم بار.



# غەزەللەر

ئالىمجان مەتقاسىم (ناقىس)

1

بۇلبۇلى ئالتۇن قەپەستە، قاغا باستى باغنى يار،
چەيلىدى گۇلگۇن چىمەننى بولدى مەزلۇم شۇنچە خار.
قىلدى سۇرگۇن تاھىرنى، مەجنۇنى بولدى خاراپ،
ياشقا تولدى زۆھرە كۆزى، لەيلىسى يىدى ئازار.
بۇ ھىجىر بۇ قەھرى دەۋران تۆگمەس ئاپەت كەبى،
جۇلغىدى ۋەھشەتكە تەننى دىللار نۇرغا ئىنتىزار.
ئات جۇۋازدا قامچا يەر، كالىسى پەيتۇنغا ھەل،
ئېشىكى ناياق چىمەندە ئۇسسۇلى ساماغا زار.
قايسى يولۋاس، قايسى تۈلكە، قايسى مايمۇن، قايسى شىر،
بىلمىكىم تەس بولدى بۇ دەم، بوينۇمغا «قىل» دىن سالدى دار.
كىمى كېسەل، كىمى ھەكىم، كىمى ئالىم، كىم نادان؟
مەجھۇلى دۇنيادىمەن مەنمۇ بەلكىم بىر بىمار.
نىم بولۇر بۇ ھالىمىز ھەر يەردە يىغا، قايغۇ ـ غەم،
ياشلىرىمىز سەل بولۇپ، كىرپىككە قوندى جۇتى قار.

2

نە مۇراد بەختىڭگە گۇل بەخشەندە بولسام بىر ئۆمۈر،
بۇ كۆڭۈل بەھرىدە مەن شىكەستە بولسام بىر ئۆمۈر.
جەزبىكار رەيھان بولۇپ خەلقىمگە چىچىپ خۇشپۇراق،
ۋەسلى گۇلزار ئىشقى بىرلە جىنەستە بولسام بىر ئۆمۈر.
بۇ ئەمەسمۇ ئەسلى دىلغا راھەت ھەم خۇشنۇد چېھر،
ئاشنا ئەلگە ۋەتەنگە ئۇلپەتتە بولسام بىر ئۆمۈر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ھەقنى گەر يازماي ھاياتتا، ئۆتسە كۈنلەر مەنسىز،
ئىچى بوش قەلەم مىسالى شەرمەندە بولسام بىر ئۆمۈر.
ھېچ بىلمىمەس بۇ زاماننىڭ تىكىنى كىم ـ يۇ گۈلى كىم؟
مەن گويا بۇلبۇلى خارەدەك چۇۋۇرەندە بولسام بىر ئۆمۈر.
كۆز نۇرۇم چاقناپ تامان، تاڭلا ئېچىلسا لالىلەر،
مەيلىدى ئۇلار ئىگىزدە، مەن پەستە قالسام بىر ئۆمۈر.
نە كېرەك بىچارە ناقىس، سەن ئۆزۈڭنى ئۇنۇت كەت،
بۇ خىيال لەرزىدە جىمجىت خەستە بولسام بىر ئۆمۈر.

3

سېنىڭ زاتى زۇلفۇڭنى قىيىپ قانداق سۆيەلەيمەن،
سېنىڭسىز بۇ زېمىستاندا جۇداپ قانداق ئۆتەلەيمەن.
ھىجىر لەفزىدە باغرىم داغ، قېنىمدا بىناۋا بۇلبۇل،
تىكەندىن مىسلى گۈل ھىدلاپ كېچە قانداق كۈتەلەيمەن.
مەگەر قەلبىمگە مەن ئاسىي، كۆزۈمگە ياشلىرىم بەدبەخ،
سېنى ئۇنتۇپ چىمەنزاردا يەنە قانداق كۈلەلەيمەن.
نىھان ئوخچۇپ تىلەكلىرىم، مەڭزىمەدىن ئېقىپ غۇنچە،
كۆمۈلسەم نارۇ كالپۇكقا، جىم قانداق ياتالايمەن.
مېنى كۆم تەندىكى تەنھا، قەبرىسىز غېرىب دىلغا،
پېشىمدا ئۇندۇرۇپ گۈللەر، بۇلبۇلنى باقالايمەن.
بۇ زۇلمەت قارا تۈندە ياندۇرۇپ كۆزۈمدە ئوت،
بولۇپ سۇمرۇغ دىلىڭ ئىچرە، مەن مىڭ رەت ئۆلەلەيمەن.

4

تىلىم كىكەچ ئۆزۈم غەمكىن ھايات شۇنداق ئۆتەرمۇ جان،
سېنىڭ لۇتفىڭ ئۈچۈن ھەر كۈن دىلىم ئازار يوتارمۇ جان.
يۈرەك يىغلار ئۈمىد ئۈنلەر، كەچمىشلەر قالار تۇتلاپ،
گويا قاتقان غېرىب مۇزدەك ماڭا قاراپ تۇرارمۇ جان.
قولۇم كۆكتە قۇشۇم چۈشتە، ماڭا سۇنار كۆڭۈل گۈلنى،
مېنى خۇشال ياشاتماققا رەزىل گۈلنى ئۈزەرمۇ جان.
سۆيۈپ مەھزۇن ھاياتىمنى، تۈن جىمجىت ياتىمەن تەندە،
لېكىن زالىم كۆزۈڭ بىرلە، قارا قەلبىڭ كۆيەرمۇ جان.
ئىمىش بۇلبۇل ساڭا مەقبۇل، خەندانى كۆڭۈل رەزگىڭ،
قويۇپ بەرسەم ۋاپا لەفزىم سېنى پايخان قىلارمۇ جان.
دىلىم دىلدۇر، تىلىم تىلدۇر، جېنىم جاندۇر، سۆزۈم سۆزدۇر،
خىيال خاندۇر، ئۈمىد تاجدۇر، يۇلتۇزلار يانارمۇ جان.
كېرەكى يوق جانان لېۋى،يا رۇخسار گۈزەل پەرى،
كېرەك شەمشەرنى جا قىلساڭ، خار ناقىس ئۆلەرمۇ جان.

نامازلىرىمىزدا ئوخشاش خاتالىقلارنى بىر ئۆمۈر تەكرارلىماسلىق،
توغرىسىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن نامازدىن ساۋات ناملىق بۇ
كىتابنى چوڭ - كىچىك ھەممەيلەننىڭ ئوقۇپ چىقىشىنى
تەۋسىيە قىلىمىز




ئىستانبۇلدىكى ھەر قايسى ئۇيغۇر كىتابخانىلىرىدا ...


ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېكىتى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com
ھاياتنىڭ پەيزىنى سۈرۈڭ
مۇھەممەد يۈسۈپ
ئىسلامىي ئەسەرلەر نەشرىياتى
ئۇستاز مۇھەممەد يۈسۈپ قارىھاجىمنىڭ «ھاياتنىڭ پەيزىنى سۈرۈڭ» ناملىق ئەسىرى نەشىردىن چىقتى. ھاياتنى مەنىگە ئىگە قىلىشنىڭ سىرلىرى بىلەن تونۇشۇشنى خالىسىڭىز، بۇ ئەسەر ئىستانبۇلدىكى ئۇيغۇر كىتابخانىلىرىدا سىزنى كۈتمەكتە...